# ئويغىنىش

پەسىللىك ئىجتىمائىي ژورنال

1 - سان
2019



- سۈرە فىل ۋە سۈرە قۇرەيش
- ئاللاھنىڭ كالامى - قۇرئان كەرىم
- ئىنسان ئەزالىرىنى سېتىش ۋە كۆچۈرۈشنىڭ شەرئىتىكى ھۆكمى
- قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان مۇنابىقلىق ۋە نىپاق
- ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئويغىنىش ۋە دىنىي گۈللىنىشنىڭ.....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

DARUL IMAN







# دارۇل ئىمان ئاكادېمىيىسى

ئىمان دىيارى قۇرئان كۇرسىمىزدا قۇرئان ئوقۇشنى يىگىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېرىم كۈنلۈك، شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرى، ئايرىم سىنىپ تەسىس قىلىنغان، ھەر ياش ۋە ھەر سەۋىيىدىكىلەر ئۈچۈن ھافىزلىق سىنىپلىرى شۇنداقلا قۇرئان كەرىمنى گۈزەل ئوقۇتۇش، ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان قىرائەت ئىلمى ئىجازىتى ئېلىش، ھەممە 30 پارا قۇرئان كەرىمنى ئوغۇللاربىر قېتىمدا ئوقۇش، قىزلار 15 پارا قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىمدا ئوقۇش تۈرلىرى بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ بارىدۇ .چەتئەل تىلى مەكتىپىمىز ئىسلامى دەرسلەر بۆلۈمى ۋە چەتئەل تىللىرى بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق بويىچە ئوقۇتۇش خىزمىتى ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلامى دەرسلەر بۆلۈمى بەش يىللىق پۈتۈن كۈنلۈك ۋە يېرىم كۈنلۈك ،ئوقۇتۇش پىروگراممىسى تۈزگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قاراپ سائەتلىك دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. چەتئەل تىللىرى بويىچە پۈتۈن كۈن ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەرەپ تىلى، تۈرك تىلى، ئىنگىلىز تىلى ئۇيغۇرتىلى (ئانا تىل)ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن سىنىپلار تەسىس قىلىنغان. دەرسلەرنى ئالى مەلۇماتلىق تەجرىبىلىك ئۇستازلار ئۆتىدۇ.

/DarulimanA
/DarulimanA
/DarulimanA
DarulimanAkademisi@gmail.com
0 (212) 546 0033
0 (553) 713 3333

# ئۇيغىنىش

ئىجتىمائىي ژورنال

(پەسىللىك)

(سىناق نۇسقا)

2019 - يىل 1 - سان

ژورنال مەسئۇلى:

مەھمۇد ئەمىن

مەسئۇل مۇھەررىر:

مۇھەممەد ئەلى

تەھرىر ھەيئەتلىرى:

مۇھەممەد ئەلى ئەمىن

ئاۋاز نۇر مۇھەممەد

نۇرمۇھەممەد ھاكىم

ئابدۇغەنى ئابلىكىم

توربەت:

www.yhhvakfi.com


## مۇندەرىجە


سۈرە فىل ۋە سۈرە قۇرەيش............ 1

ئاللاھنىڭ كالامى - قۇرئان كەرىم...... 4

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىيەسى - ھەدىس...... 13

ئىنسان ئەزالىرىنى سېتىش ۋە كۆچۈرۈشنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمى. 22

دارۇل ئىمان ئاكادېمىيىسى.......... 28

پەرزەنت تەربىيىسى.................. 31

قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان مۇناپىقلىق ۋە نىفاق........... 34

ياخشى ئۈممەت بىز.................. 40

ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندىكى مىللى ئويغۇنۇش ۋە دىنى گۈللىنىشنىڭ ھارماس تۇلپارى.................. 45

سېغىنىش........................ 54

بىزدىكى ئىللەتلەر.................. 59

www.uyghurkitap.com






# سۈرە فىل ۋە سۈرە قۇرەيش

مۇھەممەد ئەلى

بۇ مۇبارەك ئىككى سۈرە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرىقى سۈرىلىرىدىن بولۇپ، قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن نامازلاردا كۆپ ئوقۇيمىز ۋە كۆپىنچىمىز يادا بىلىمىز. بۇ سۈرىلەردە، فىل ۋەقەسى ۋە قۇرەيشلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. فىل ۋەقەسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنياغا كەلگەن يىلى يۈز بەرگەن. ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى، مەككىنىڭ تارىخى ۋە جوغراپىيىلىك ئورنى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادى ئابدۇ ماناپ جەمەتى، قۇرەيش قەبىلىسى، ۋە يەمەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئازراق توختىلىمىز.

تارىخ مەنبەلىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، مىلادىيەدىن تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ھازىرقى يەمەن، سودا ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققى قىلغان مەشھۇر سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، سەبەئ قەۋمى - ئەرەبلەر ياشىغان. (سەبەئ قەۋمى توغرىسىدا سەبەئ ۋە نەمل سۈرىلىرىدە مەلۇماتلار بار) ئۇ زاماندا سەبەئ خەلقى سۇ ئىنشائاتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ناھايىتى چوڭ سۇ ئامبارلىرىنى ياسىغان، سۇ مەنبەسى مول بولغاچقا دېھقانچىلىق روناق تاپقان. ئاسىيا - ئافرىقىدىن ئىبارەت چوڭ قىتئەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈك، يەمەننى سودىدا مۇھىم ئىمتىيازغا ئىگە قىلغان. قىزىل دېڭىز ئارقىلىق شەرقتىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى بولسۇن، ياكى قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن سودا ماللىرى بولسۇن يەمەن ساھىلىغا چۈشەتتى. يەمەن ئۇزۇن بىر مۇددەت بۇ ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. سودىدىكى پايدىلىق شارائىت ۋە يېتەرلىك سۇ بايلىقىغا ئىگە دېھقانچىلىق قاتارلىق ئەۋزەل شارائىت يەمەننىڭ شانلىق دەۋرىنى ياراتقان. مىلادى 450 - يىللىرى توسمىلار بۇزۇلۇپ يەمەننى سۇ باسقان، بىر قىسىم خەلق باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن يەمەننىڭ شانلىق دەۋرى ئۆتمۈشكە ئايلانغان.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بىرقىسىم ئەرەبلەر مەككىدە ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، بىر بۆلۈك قەبىلىلەر تۈرلۈك سەۋەبلەردىن مەككە ئەتراپىدىكى شەھەر - قىشلاقلاردا (ھىجاز رايونىدا) تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتىنچى بوۋىسى قۇسەي ئىبن كىلابنىڭ چاقىرىقى بىلەن ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتكەن

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى مەككىگە قايتىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلايدۇ. (قۇسەي چېچىلىپ كەتكەن قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنى مەككىگە توپلىغانلىقى ئۈچۈن (جەملىگۈچى ـ توپلىغۇچى ـ دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر بولىدۇ) قۇسەينىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇ ماناپ مەككىدە سىياسىي يېتەكچىلىك ئورۇنغا چىقىدۇ. ئابدۇ ماناپنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ چوڭى ھاشىم ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە يىراقنى كۆرەر ئىدى، ئۇ قېرىنداشلىرى (ئابدۇشەمس، ئابدۇمۇتتەلىب، نەۋفەل) بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەككە ئەتراپىدىكى پادىشاھ ـ ئەمىرلەر بىلەن سودا ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، مەككىدە سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەككىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە بولىدۇ. (مەزكۇر تۆت قېرىنداش «ئەسھابۇل ئىلاف» ۋە «مۇتتەجىرىن» دەپ مەشھۇر بولغان) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇل مۇتتەلىپ مىلادى 497 ـ يىلى، دادىسى ئابدۇللاھ مىلادى 545 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەخمىنەن مىلادى 571 ـ يىلى (فىل ۋەقەسى يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

ھىجاز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان ئەرەبلەر گەرچە بوۋىسى ئىسمائىل ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تەۋھىد دىنىدىن چەتنەپ كەتكەن بولسىمۇ، كەئبە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئۇلۇغ ھېسابلىناتتى. ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە ئەمىرلىكلىرى، ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتلىرىنى كەئبىنىڭ ئىچىگە قوياتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كەئبىنىڭ ساھىبلىرى سانالغان قۇرەيشلەر باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى ھەر قايسى رايونلارغا بېرىپ ـ كېلىشتە ھېچ بىر توسالغۇغا ئۇچرىمايتتى. مەككىدە ئەرەبلەرنىڭ ھەر يىللىق ھەج مەزگىلىدىكى سودىسى ئىنتايىن روناق تاپقان ئىدى.

ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا گۈللىنىشكە قەدەم بېسىۋاتقان يەمەننىڭ، ھەبەشىستان پادىشاھى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىسى ئەبرەھە ئەشرەم ناھايىتى ھەشەمەتلىك چېركاۋ سالدۇردى، قۇرۇلۇشقا ئىنتايىن قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ، ئىسىل تاش ۋە پىل چىشلىرى بىلەن زىننەتلەيدۇ، بۇ چېركاۋنى (قۇللەيس) دەپ ئاتاپ، ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بۇ يەرنى تاۋاپ قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقىدەك تىجارەت مەركىزىگە ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ۋە ئەرەبلەرنى بۇ چېركاۋنى تاۋاپ قىلىشقا، ئۇلۇغلاشقا چاقىرىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا كۆرە ھىجاز رايونىدىن كەلگەن ئەرەبلەر چېركاۋغا ھاجەت قىلىپ قويىدۇ، (بەزى رىۋايەتلەردە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن دېيىلگەن) شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە زور قوشۇن تەشكىللەپ بىر قانچە جەڭ پىللىرىنىڭ ھىمايىسىدە كەئبىنى چېقىپ تۈزلىۋېتىپ، ئەرەبلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ، كەئبىنىڭ ئىگىسى ـ ئاللاھ، ئەبرەھەنىڭ يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى، ئېغىز ۋە (پەنچىلىرى) پۇت بارماقلىرىدا تاش(لايدىن تەبىئىي قېتىشقان ئۇششاق چالما) لارنى كۆتۈرۈپ توپ ـ توپ ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار ئارقىلىق ھالاك قىلىدۇ. فىل سۈرىسىدە زىكرى قىلىنغان ۋەقە مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

uyghurkitap.com



ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق (ھالاك) قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ئاڭلاپ بىلمىدىڭمۇ؟) پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئۇزۇلدۇرمەي ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، (خۇددى) چەيلىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى. (يەنى پەرۋەردىگارىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن فىل ئىگىلىرى بولغان زور قوشۇننى تىرە - پىرەن قىلىۋەتتى»

ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق زور بىر قوشۇننى، كىشىلەر ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان ئۇششاق قۇشلار تاشلىغان شېغىل - چالمىلار بىلەن ھالاك قىلىشى ئاللاھدە مۆجىزە بولۇپ، بۇ مۇقەددەس زېمىندا ناھايىتىمۇ كاتتا بىر ئىشنىڭ روياپقا چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ كائىناتنىڭ پەخرى - پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى - ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىغا بېرىلگەن كاتتا بىشارەت ئىدى.

بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ تەپسىرىدىن شۇ ھېكمەتنى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىمكى، ھەرقانداق زور قوشۇن، ئىلغار قورال، ۋە ماددىي كۈچكە ئىگە شەخس ياكى ھاكىمىيەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

«قۇرەيش، قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن! ئاللاھ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى. قورقۇنچتىن ئەمىن (خاتىرجەم) قىلدى»

كەئبىنىڭ ساھىبلىرى سانالغان قۇرەيشلەرنىڭ قىش كۈنلىرى يەمەنگە، ياز كۈنلىرى شامغا بارىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئامان - ئىسەن سەپەر قىلىدىغانلىقى، دېھقانچىلىق قىلالمايدىغان قۇرەيشلەرنىڭ تۇرمۇش مەنبەسىگە پەقەتلا يىلدا ئىككى قېتىملىق سودىدىن تەمىنلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بۇ مۇبارەك سۈرە، مەزمۇن جەھەتتىن فىل سۈرىسى بىلەن باغلانغان. جاھىلىيەت زامانلىرىدا، ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسمى يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىش بىلەن جان باققان. قۇرەيشلەر بەيتۇللاھنىڭ ھەققەمسايىللىرى بولغانلىقى ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بۇتلىرىنىڭ بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدە قۇرەيشلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە بولغانلىقى، ھەمدە بەيتۇللاھنىڭ ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن مۆجىزىۋى خاراكتېرلىك قوغدالغانلىقىدىن ئىبارەت سەۋەبلەر قۇرەيشلەرنىڭ ئابرۇيىنى ئۈستۈرگەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرىغا باشقىلار چىقىلمىغان. بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالا قۇرەيشلەرنى بەيتۇللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان (ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر)



# ئاللاھنىڭ كالامى - قۇرئان كەرىم

مۇھەممەد ئەلى

يارىتقۇچىمىز ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ - سانالار ئېيتىمىز، يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت - سالام يوللايمىز. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە مەغفىرىتى پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشكەن ساھابىلار ۋە سالىھ بەندىلەرگە بولسۇن!

قۇرئاننى تونۇشتىن بۇرۇن بۇ ئۈچ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

1 ـ قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر.

2 ـ قۇرئان ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەندۇر.

3 ـ قۇرئان ئۆزگەرتىلىشتىن مۇستەسنا بولۇپ باشتىن ئاخىر ھەرپمۇ - ھەرپ ئەسلى نۇسخىسى بويىچە ساقلانغان، ھەمدە قىيامەتكە قەدەر ئۆز پېتى بىلەن ساقلىنىشىغا ئاللاھ كېپىلدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿بَلْ هُوَ قُرْآنٌ مَّجِيدٌ. فِي لَوْحٍ مَّحْفُوظٍ﴾[1] «بەلكى (ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر» دېگەن.

قۇرئاننىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا لەۋھىلمەھفۇزدا ساقلانغان بولۇپ، قولىمىزدىكى قۇرئان كەرىم بولسا، گويا لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان قۇرئاننىڭ كۆچۈرۈلمىسىدۇر. بۇنىڭغا يۇقىرىدىكى «سۈرە بۇرۇج»نىڭ 21، 22 ـ ئايەتلىرى دەلىلدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ: «القران، الفرقان، الكتاب، النور، التنزيل، الكلام، الحديث، الموعظة، الحق، البيان، المنير، الشفاء، العظيم، المجيد، العزيز، النعمة، الرحمة، الروح، الحبل، القصص، المهيمن، الحكم، الكريم، الذكر، السراج، البشير، التبيان، العدل، المنادي، الشافي، الذكرى، الحكيم، المجيد، المبين، عليّ، بصائر، بشير، نذير، بشرى، بلاغ، بيان، شفاء، مبارك احسن الحديث، المتشابه، المثاني، حق اليقين، التذكرة، القيم، مصدق» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت نۇرغۇن گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى بار.

«قرآن» كەلىمىسى قۇرئان كەرىمدە كۆپ كەلگەن بولۇپ بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

1 ـ «قرآن» كەلىمىسى خاس ئىسىم بولۇپ قۇرئاندىن باشقا كىتابلارغا ئىشلىتىلمىگەن.

2 ـ «قرآن» كەلىمىسى «قرأ» دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى(مەسدەرى) بولۇپ، لۇغەتتە: «ئوقۇش، قوشۇش(يەنى ھەرفنى ھەرپكە قوشۇش)» بولۇپ، جانلىق تىلدا ھەممە جەملەنگەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (كۆپ ئوقۇلىدىغان دائىم ياندىن ئايرىلمايدىغان) دېگەن مەنىلەرنى

1- سۈرە بۇرج 21، 22 -ئايەت

بىلدۈرىدۇ.

3 ـ «قرن» دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «يېقىن، قوشۇلغان» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. جانلىق تىلدا: «يېقىن ھەمراھ، ئايرىلماس (ئىنسانغا يېقىن ھەمراھ)» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە كۆپ زىكىر قىلىنغان ئىسىملاردىن يەنە بىرى «الكتاب» كەلىمىسىدۇر. بۇنىڭمۇ لۇغەتتىكى ئەسلى مەنىسى يەنىلا «جەملەش، بولۇپ ئاللاھنىڭ تامامى قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئاننىڭ كاتتا ئىسىملىرىدىن يەنە بىرى «فرقان» دۇر. بۇ سۆزمۇ پەقەت قۇرئانغىلا خاس ئىسىم بولۇپ، «ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى، ياكى ئايەتلىرى ئايرىلغان» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئاندا «كلام،كلمة» دېگەن كەلىمىلەر كەلگەن. «كلام» «سۆز ـ سۆزلەش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۆزلەش ئاللاھنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ﴾[1] «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەرسى پاناھلىق تىلەپ كەلسە پاناھلىق بېرىپ ئۇنى ئاللاھنىڭ كالامىنى(سۆزىنى) ئاڭلاپ چۈشەنگەنگە قەدەر خاتىرجەم يەرگە ئورۇنلاشتۇرغىن» دېگەن.

ۋەھى ـ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبىگە ئىلقا يەنى، «سۆز تاشلاش» ياكى «پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەش» ۋە ياكى «پەرىشتە ئارقىلىق ۋەھى قىلىشتىن» ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ. بۇ ھەقتە: ﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَاءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ

1- سۈرە تەۋبە 6 -ئايەت

بِإِذْنِهِ مَا يَشَاءُ ۚ إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ﴾[2] «ئاللاھ پەقەت ۋەھى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىن ۋە ياكى (پەرىشتىلەردىن) بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتلىرىنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (يەنى ھېچ بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن رو بىرو سۆزلىشىشى مۇمكىن ئەمەستۇر» دېگەن.

## قۇرئان كەرىم ـ رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن ئىلاھى كىتابدۇر

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 23 يىلغا يېقىن مۇددەت ئىچىدە ھىجاز(مەككە، تائىف، مەدىنە) زېمىنىدا ئايەت ۋە سۈرىلەرگە بۆلۈنگەن ھالەتتە، پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە كۆرە پارچە ـ پارچە چۈشۈرۈلگەن. قۇرئان كەرىم «انزال» «تنزيل» دىن ئىبارەت. ئىككى خىل مەنىداش پېئىل ئارقىلىق، ئايەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىت، ئوخشىمىغان ئورۇندا تولۇق ۋە ئايرىم چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ: ﴿إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ﴾[3] «بىز قۇرئاننى مۇبارەك كېچىدە چۈشۈردۇق» دېگەن. ئايەتتىكى «انزال» كەلىمىسى قۇرئان كەرىمنىڭ قەدىر كېچىسىدەك مۇبارەك كېچىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھى، ئەرش ئەلادىن زېمىن ئاسمىنىغا بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلسا، ﴿وَقُرْآنًا فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَىٰ مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنزِيلًا﴾[4] «كىشىلەرگە قۇرئاننى دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن تەدرىجىي نازىل قىلدۇق» دېگەن بۇ ئايەتتىكى

2- سۈرە شۇرا 51 -ئايەت

3- سۈرە قەدىر 1 -ئايەت

4- سۈرە بەنى ئىسرائىل 102 -ئايەت

«تەنزىل» كەلىمىسى قۇرئان كەرىمنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پارچە - پارچە چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ پارچە - پارچە نازىل قىلىنىشىدىكى ھېكمەت بولسا «ساۋاتسىز» ئەرەب خەلقىنىڭ چۈشىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئاسان يادلىۋېلىشى ئۈچۈندۇر. خۇددى سىم - سىم ياغقان يامغۇر يەرگە تولۇق سىڭگەندەك، پارچە - پارچە چۈشكەن قۇرئان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ئايەتلەرگە ئىشتىياقى ئاشىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرى ئەگەر ئىنسانىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالسا ئۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئىنقىلاپ پەيدا قىلىدۇ - دە، ھاياتىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ.

كاپىرلار: «قۇرئان نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنى پارچە - پارچە نازىل قىلدۇق، ئايرىم - ئايرىم نازىل قىلدۇق[1]»

ئاللاھ تائالانىڭ كالامى - قۇرئاننىڭ سەھرى كۈچى بار. ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىنى سەھرى كۈچكە تولغان قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پارچە - پارچە نازىل قىلدى. چۈنكى ۋەھىي يېڭىلىنىپ تۇرسا، رەسۇلۇللاھنىڭ پەرىشتە بىلەن ئۇچرىشىشى كۆپ بولىدۇ. ۋەھىي داۋاملىشىپ تۇرسا، كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا دەل ۋاقتىدا جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ باتىل يولدا ئىكەنلىكىگە ۋە چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا ھۆججەت كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ چىدامچانلىقى ئاشىدۇ. كاپىرلاردىن كېلىۋاتقان ئەرزىيەت - تۆھمەتلەرنىڭ بېسىمى يەڭگىللەيدۇ.

قۇرئاننىڭ ئايرىم - ئايرىم نازىل بولۇشى كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا ئەجەللىك رەددىيە بېرىش، ئۇلارنىڭ ھازىر ۋە كېلەچەكتىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىش، يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەرگە جايىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار توپلۇمىنى يېڭى بىر ھاياتقا يېتەكلەش، ئىلاھى قانۇننى تەدرىجى ئىزچىللاشتۇرۇش، شەرىئەت پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قۇللۇق تۈزۈم ھەممە ئادالەتسىز جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە خۇراپى رەسىمىيەتلەرنى بىر - بىرلەپ يوقۇتۇش، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ مۇقەددەس قانۇنىنى ئاساس قىلغان ئىلاھى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، بارچە ئىنسانىيەتنى دۇنيا ئاخىرەتنىڭ سائادىتىگە باشلاشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

## قۇرئان نازىل بولغان ۋاقىت ۋە ئورۇن

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھقا مىلادى 610 - يىلىدىن باشلاپ 632 - يىلىغىچە ئاز كەم 23 يىلدا نازىل بولغان. مەشھۇر ھەدىسلەرگە كۆرە ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئەۋۋەلقى بەش ئايىتى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ۋەھىي نازىل بولۇشقا باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھىي نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى تىجارەت ئۈچۈن شام بىلەن يەمەن قاتارلىق يەرلەرگە سەپەر قىلغان بولسىمۇ، ۋەھىي نازىل بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، مەككە مەدىنە، تائىف، ئەلخەبەر(«ئەرەبلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم سودا يەرمەنكىسى بولىدىغان جاي») ۋە ئۇككازدىن ئىبارەت ھىجاز رايونىدا پائالىيەت قىلغان. دېمەككى قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھقا ھىجاز زېمىنىدا نازىل بولغان. پەقەت سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى

1- فۇرقان سۈرىسى 32

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايىتىلا مىراج كېچىسى ئاسماندا ـ سىدرە تۇلمۇنتاھادا ئاتا قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان نازىل قىلىنغاندا يادلىۋېلىش ئۈچۈن تېز ئوقۇشقا تىرىشاتتى، ئاللاھ تائالا سۈرە قىيامە دە خىتاپ قىلىپ: «ۋەھى نازىل بولىۋاتقاندا ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما ،ئۇنى قەلبىڭگە توپلاش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە قۇلاق سالغىن» دەپ، ۋەھى قىلىش ئارقىلىق قۇرئانىنىڭ ساغلام مۇھاپىزە قىلىنىشىغا ئۆزىنىڭ ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەككى قۇرئان ئەبەدى ـ ئەبەد ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتىدەدۇر.

قۇرئان كەرىم ساپ ئەرەب تىلىنىڭ قۇرەيش شېۋىسىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، بەزى ئىبرانىچە تىلدىن سىڭىپ كىرىپ ئەرەبچىلەشكەن سۆز ـ ئىبارىلەرمۇ تېپىلىدۇ. بۇلار بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەرەب تىلىنىڭ بىر يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئۆزگەرمەستىن ساقلىنىپ تۇرۇشىدا، قۇرئان كەرىمنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ، ئەرەب تىلىدىن باشقا ھېچ قانداق بىر تىلنىڭ بىر ئەسىر ئەمەس چارەك ئەسىرمۇ ئۆزگەرمەستىن ساقلانغىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ سانى 114، تەخمىنەن 6650 ئايەتتىن تەركىب تاپقان. ئايەتلەرنىڭ سانى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس. چۈنكى ھەر سۈرىنىڭ بېشىدا كەلگەن «بىسمىللاھ» كەلىمىسىنى بەزى ئالىملار شۇ سۈرىنىڭ بىر ئايىتى دەپ قارىسا، بەزى ئالىملار «بىسمىللاھ» پەقەت سۈرىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن قويۇلغان دېگەن. شۇڭا ئايەتلەرنىڭ سانى توغرىسىدا بىر ئاز ئىختىلاپ بار.

ئايەت كەلىمىسى لۇغەتتە: «ئالامەت، مۆجىزە، دەلىل ۋە ھۆججەت» دېگەندەك بىر قانچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. سۈرىلەر بولسا ئايەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ. «سۈرە» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى «پەسىل ـ ئايرىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئىستىلاھتا پارچە (قۇرئاندىن بىرپارچە) دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئايەت ـ بىر ۋە بىر قانچە كەلىمىلەردىن ھاتتاكى بىر قانچە جۈملىلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. سۈرە ـ قىسقا بولغىنى ئۈچ ئايەت ، ئۇزۇن بولغىنى 286 ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈرىلەرنىڭ سانى ئۇلارنىڭ تەرتىپى ۋە ئايەتلەرنىڭ قايسى سۈرىگە تەۋە ئىكەنلىكى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغاندۇر.

زامانى سائادەت (رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنىڭ دەۋرى) دە، قۇرئاننى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تامام قىلىش مەقسىتىدە قۇرئان كەرىم سۈرىلىرى يەتتە مەنزىلگە بۆلۈنگەن. بۇ «ئەھزاب ياكى ھىزب» مۇ دېيىلىدۇ. سۈرە پاتىھە دىن باشقا سۈرىلەر بىرىنچى مەنزىل «بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا» دىن ئىبارەت ئۈچ سۈرە، ئىككىنچى مەنزىل ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەش سۈرە، ئۈچۈنچى مەنزىل ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە سۈرە، تۆتىنچى مەنزىل ئۇنىڭدىن كېيىنكى توققۇز سۈرە، بەشىنچى مەنزىل ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون بىر سۈرە، ئالتىنچى مەنزىل ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون ئۈچ سۈرە، يەتتىنچى مەنزىل ئاخىرىدىكى ئاتمىش بەش سۈرە دىن تەركىب تاپقان.

بۇنداق تەقسىملەشتە ئايەت ۋە سۈرىلەر تەڭپۇڭ بولمىغان (بەزى مەنزىلدىكى ئايەت كۆپ بەزىسىدە ئاز تەخمىنەن تۆت يېرىم پارە ئەتراپىدا) بولسىمۇ، ئەمما چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن تەقسىملەنگەن. يەنى سۈرىلەر تولۇق، مەنا - مەزمۇن ماس ھالدا تەقسىملەنگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا بېسىلىۋاتقان قۇرئاننىڭ نۇسخىسىدا بىر پارە ئىككى ھىزبگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر ھىزب تۆتكە ئايرىلىپ «رۇبئۇل ھىزب» چارەك ھىزب «نىسفۇل ھىزب» «سەلاسەتۇ ئەرباﺋۇل ھىزب» دەپ 8 ھىزبگە ئايرىلغان.

ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان پارە - قۇرئان كەرىمنىڭ 30 پارىگە بۆلۈنىشى قاچان ۋە نېمە سەۋەبتىن بۆلۈنگەنلىكى نامەلۇم. بۇنداق پارىلارغا بۆلگەندە نە مەزمۇنغا نە سۈرىلەرنىڭ پۈتۈنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن پەقەت بىر كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمنى ھەر كۈنى بىر پارىدىن بىر ئايدا تاماملىشىنى نەزەردە تۇتۇپ بۆلگەن بولىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم سۈرىلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ، بىر مەزمۇننى ئاساس قىلغان ھالدا رۇكۇلارغا بۆلۈنگەن. بەزى ئۇزۇن سۈرىلەر «سۈرە بەقەرە» 40 رۇكۇ بولسا، ئاخىرقى 35سۈرىنىڭ ھەر بىرى بىردىن رۇكۇ دۇر. بۇ شەكىلدە رۇكۇلارغا بۆلۈنىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىر رەكئەت نامازدا ئەڭ ئاز بولغاندا بىر رۇكۇ دىن ئوقۇشىنى مەقسەت قىلغان بولىشى مۇمكىن.

## قۇرئاننىڭ كىتاب شەكلىدە يېزىلىپ توپلىنىشى

قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا «تېرە، سۆڭەك، ياغاچ ۋە تاختا» قاتارلىق نەرسىلەرگە يېزىلغان. ھەمدە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتى بىلەن نۇرغۇنلىغان ساھابىلار يادقا ئالغان. سەھىھ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە رەسۇلۇللاھ ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى تىڭشىتاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم تىڭشىغان. شۇنىسى ئېنىقكى ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا لەۋھۇل مەھپۇزدىكى ئەسلىسىگە ئۇيغۇن شەكىلدە يادقا ئالغان. دېمەككى رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىم سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە ساھابىلارنىڭ قەلبىدە توپلانغاندۇر. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبقا كۆرە جۈپ شەكىلدە رەتلەنگەن. (بۇنداق رەتلىنىش ئىلاھى ۋەھى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتى بىلەن بولغان) مەسىلەن: بەقەرە بىلەن ئالى ئىمران سۈرەسى، مۇزەممىل بىلەن مۇددەسسىر سۈرىسى، فەلەق بىلەن ناس سۈرىسىگە ئوخشاش. سۈرىلەر نازىل قىلىنغان ئورۇنغا قارىتا مەككىدە چۈشكەن مەدىنىدە چۈشكەن دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە مۇرتەدلەر ۋە زاكاتقا قارشى چىققۇچىلار بىلەن بولغان جىھادلاردا قۇرئاننى يادلىغان نۇرغۇن ساھابىلەر شېھىت بولغان. شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننى ئاخىرقى ئۈممەتلەرگە ساغلام شەكىلدە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يازما شەكىلدە كىتابقا ئېلىش چاقىرىقى قوزغالغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قايتا - قايتا تەۋسىيىسى بىلەن خەلىپە ئەبۇ بەكرى

www.uyghurkitap.com



دەيدىغان قاراشمۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئىلىمدە يۈكسەك پەللىگە يەتكەن مۇتەپەككۇر ئۆلىمالار چۈشۈنەلەيدۇ دەيدىغان قاراشمۇ بار.

## تەفسىر

تەفسىر كەلىمىسى لۇغەتتە: «ئايدىڭلاشتۇرۇش، بايان قىلىش» دېگەندەك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ. ئىستىلاھتا بولسا: «قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان، شەرھلەيدىغان بىرخىل پەن بولۇپ تەئۋىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تابىئىنلاردىن تاكى زامانىمىزغا قەدەر نۇرغۇنلىغان تەپسىرشۇناسلار پۈتۈن ھاياتىنى قۇرئان ئىلمىغا بېغىشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاسان چۈشۈنىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن تەپسىرلەرنى يېزىپ چىققان.

تەپسىر ئىلمى ئىلاھى ۋەھىنى شەرھلەيدىغان ئىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەپسىر قىلغۇچىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر بىر پەندۇر. مۇپەسسىرنىڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇشى، ھەدىس ئىلمىگە باي، ئەرەب تىلى ئىلمىغا كامىل، نەھۋى ۋە سەرف «گىراماتىكا ۋە مورفولوگىيەئىلمى» گە پۇختا بولۇشى، قەدىمكى ئەرەب تىلى «كىلاسسىك ئەرەب تىلى»گە ماھىر بولۇشى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى شۇنداقلا تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشى شەرت بولىدۇ. مۇپەسسىر قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلغاندا ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ماكان، زامان قاتارلىق ئامىللارغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىماتىنى ئاساس قىلىشى، ھەمدە زامانى سائادەتتە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھاتىغا چوڭقۇر نەزەر تاشلىشى لازىم بولىدۇ.

مۇپەسسىر قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش بىلەن بىرگە ھەدىس شەرىپ قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلايدىغان بىردىن - بىر مەنبە دېگەن پىرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر. ئىنسانىيەت ئالەمىدە قۇرئاننى ئەڭ توغرا چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن زات قەدىردان يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇ زاتتىن قالسا رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيەسىدە يېتىشكەن ساھابە كىراملاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن، ئابدۇللاھ ئىبن ئاببباس، ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد، ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب، ئۇبەي ئىبن كەئب، ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبن خەتتاب، ئوسمان ئىبن ئەففان، زەيد ئىبن سابىت، ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى، ئابدۇللاھ ئىبن زۇبەير قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن. مەلۇم بولۇشىچە ھىجرىنىڭ 86 - يىلى تۇنجى تەپسىرنى تابىئىنلاردىن سەئىد ئىبن جۇبەير دېگەن كىشى يازغان ئىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەپسىر يېزىش دولقۇنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان. لۇغەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار لۇغەت ئېتىبارى بىلەن نەھۋى - سەرف ئالىملىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا بالاغەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەپەككۇرلار پەلسەپە ئېتىبارى بىلەن نۇرغۇنلىغان تەپسىرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

يېقىنقى زامان تەپسىر ئالىملىرىدىن سەييىد قۇتۇب، ئىمام تەنتاۋى، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم ۋە جامالىددىن ئافغانى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ شاگىرتى

شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ قاتارلىقلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا ئەتمىش بۇ ئالىملىرىمىز «ئىلمى تەپسىر» ساھەسى بويىچە يېڭى بىر خىل تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەپسىر يېزىپ، قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ مۆجىزىۋىلىك نۇقتىلاردا توختىلىپ، ئىلىم پەن ئىسپاتلاپ چىققان يەكۈنلەرنىڭ قۇرئاندىكى ھەقىقەتنى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئالاھىدە چۈشەنچە بەرگەن. بۇ تەپسىرلەر زامانى ھازىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ئىلمىگە بولغان تەشنالىقىنى زور دەرىجىدە قاندۇرماقتا.

بىزنىڭ ئالىملىرىمىزدىن 19 ـ ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان ھەم مۇھەم ۋەزىپە ئۆتىگەن مەرھۇم ئۇستاز زەرىپ قاراجىم ساپ ئۇيغۇر تىلىدا تەپسىر يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، يېقىندا 7 توملۇق «تەپسىرى زەرىپ» نەشرىدىن چىقىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا شەھىد مەرھۇم مۇھەممەد سالىھ قاراجىم تەرجىمە قىلغان قۇرئاننىڭ قىسقىچە تەپسىر تەرجىمىسى، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، فى زىلالى قۇرئان ۋە تەپسىرى شەئراۋى قاتارلىق مەشھۇر تەپسىرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ تەپسىرىگە بولغان تەشنالىقىمىزنى تامامەن قاندۇرۇۋالايدۇ.

ئەھلى سەلەبلەرنىڭ بىرلىكسەپ قۇرۇپ ئىسلام ئالەمنى بۆلۈپ پارچىلاپ مۇستەملىكە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان. مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ خۇراپىي ئەقىدە ـ كونا ئادەتلەرنى دىن دەپ چۈشۈنۈۋېلىپ، ئىسلام دۇنياسى زور بىر چېكىنىشكە يۈز تۇتقان بىر پەيتتە مەزكۇر ئوت يۈرەك ئالىملىرىمىز مۇسۇلمانلارنى قۇرئاننىڭ روھى بويىچە دىنىنىڭ ئەسلىيىتىگە قايتىپ، ھۆرلۈككە مۇستەقىللىككە، قاراپ يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن قۇرئانغا قايتىشقا چاقىرىق قىلدى.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىمىزنىڭ ئاچقۇچى قۇرئاندۇر. پەيغەمبىرىمىز مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن قۇرئان ۋە ھەدىسكە ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگەشكەندىلا يوقىتىپ قويغان ھۆرلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۆئمىن ـ مۇسۇلمان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممۈتى دېگەن نامىمىزغا يۈز كېلەلەيمىز.

ئاللاھ بارچىمىزنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە ھەقىقى رەۋىشتە ئەگىشىپ توغرا يولدا مېڭىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلغاي.

## ھەزرىتى ئەلى ھېكمەتلىرىدىن

قېرىندىشىم! نىيىتىڭىز قانچە گۈزەل بولسۇن، جاھان ئەھلى تاشقى قىياپىتىڭىزگە قارايدۇ.

ـ قىياپىتىڭىز قانچە گۈزەل بولسۇن، ئالەملەرنىڭ رەببى نىيىتىڭىزگە قارايدۇ.

ئاسماندا ئۇچۇپ كىتىۋتقان قۇشتىن سوراپتۇ: يەرگە چۈشۈپ كىتىشتىن قورقامسەن؟

قۇش كۈلۈمسىرەپ شۇنداق دەپتۇ: مەن ئېگىزگىلا قاراپ، تىيىلىپ كىتىدىغان ئىنسان ئەمەس

مېنىڭ نەزىرىم ھەمىشە( پەستە) زېمىندا.

www.uyghurkitap.com





# رەسۇلۇللاھنىڭ صلى الله عليه وآله وسلم ھەدىيەسى ـ ھەدىس

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ ئەلچىسىگە ئۈممەت قىلغان رەببىمگە ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ھەدىس ۋە سۈننەتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تەلىم بەرگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ـ سالاملار بولسۇن.

ئۆتكەن زامانلاردا بىلىمى چوڭقۇر ـ پىتۈك ئالىملار، ئىنسان زېھنى يەتمەيدىغان، ئېھتىيات قىلمىسا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى، ئاۋام ـ خەلق ئىچىدە يايماي، ئۆز ئارا تارتىشىپ، مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق، خاتا كۆز قاراش، ئاخىرى چىقمايدىغان دە ـ تالاشلاردىن ساقلىنىپتىكەن.

ناھايىتمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى بۈگۈنىمىزدە، ئۆزىنى كاتتا ئالىم ھىسابلايدىغان ناھايىتمۇ ئاز بىر قىسىم كىشىلەر، دىنىنىڭ تۈپكى پىرىنسىپى ھىساپلانمايدىغان، بەزى شاخچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلۈنۈش ۋە شەكلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ ئاۋام خەلق ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئەھۋال.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دىنى مەلۇماتى تۆۋەن، دىنى بىلىمگە تەشنا ئىكەنلىكىدەك بوشلۇقتىن پايدىلىنىشنى پۇرسەت دەپ بىلگەن بىر بۆلۈك مەككارلار، بەزىبىر يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتىغا چىقىرىپ، ئاق كۆڭۈل ئېتىقاتچى خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، بازار تاپقىنىدىن كېيىن، ئەمدىلىكتە تەپ تارتماستىن دىنىمىزنىڭ ئىككىنچى ئاساسى مەنبەسى بولغان ھەدىسكە ھۇجۇم قىلىشقا يول ئىزدىمەكتە، مەن بۇ يەردە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنى ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇشلىرىغا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ۋە دىن دىيانەتتە خاتالىشىپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشنى توغرا تاپتىم.

## پەيغەمبەرئۆز نەپسى خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، پەقەت قىلىنغان ۋەھىنىلا سۆزلەيدۇ[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ قىلغان ۋەھىنىلا يەتكۈزىدۇ، ئۆز نەپسى خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ سۆزلەش پەيغەمبەرنىڭ شەنىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئاللاھ تابارەكە ۋەتائالا يۇقارقى ئايەتتە، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان سۆز ـ ھەدىسلىرىنىڭ پەقەتلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنغان مەخپى ۋەھى

1- نەجم سۇرەسى -4-3 ئايەتلەر

ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. مانا بۇ ئايەت «بىزگە قۇرئان كۇپايە» دەپ، ھەدىسنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلماقچى بولىۋاتقانلارغا پولاتتەك دەلىلدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبن ئەمر ئىبن ئاس رىۋايەت قىلدۇكى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەر بىر سۆزنى يازاتتىم، قۇرەيشلەرماڭا: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەممە نەرسىنى يازامسەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئىنسان، خوشال بولغاندىمۇ، ئاچچىقلانغاندىمۇ سۆزلەيدۇ دەپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرىشىمنى توسماقچى بولۇشتى، مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەنبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ئاغزىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى (يېزىۋەرگىن، جىنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ يەردىن پەقەت ھەق سۆزلا چىقىدۇ) [1]

ئاللاھ تائالا ئۆز ئەلچىسى-رەسۇلۇللاھنى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ سۆزلەشتىن ساقلىغان. پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ كىتابى- قۇرئان كەرىمنى ساھابىلىرىغا سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن چۈشەندۇرگەن ۋە شەرھىلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ يەشمىسى ۋە تەپسىرىدۇر. ئىمام ئەئزەم ئەبۇ ھەنىفە ھەزرەتلىرى: «ھەدىس بولمىسا قۇرئاننى چۈشىنەلمەيتۇق» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقاندۇر. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس شەرىپ چەمبەرچەس باغلانغاندۇر. ھەدىس بولماي قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسى

---

1- سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد .ئىلىم بابى 3

مەنبەسى قۇرئان كەرىم، ئىككىنچى مەنبەسى قۇرئان كەرىمنى بىزگە شەرھىلەپ بېشىپ بەرگەن ھەدىس شەرىپتۇر.

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر

كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.[2]

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەرسىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ،...[3]

پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلىنىڭلار![4]

يۇقارقى ئايەتلەر، پەيغەمبەر كۆرسەتمىلىرىنىڭ دىنىنىڭ بەلگىلىمىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى گويا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەرئاللاھنىڭ ئىزنىسىز سۆز قىلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىن كىشى پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىنى جان دىل بىلەن ئورۇندۇشى، پەيغەمبەر سۆزنى باش تاجى قىلىشى لازىم. يۇقارقى ئايەتلەرنى مۇلاھىزە قىلغان ھەر قانداق بىر ئەقىللىك كىشى، پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن قۇرئان كەرىم بىزگە يېتەرلىك، ھەدىس بولمىسىمۇ بولىدۇ دېيەلمەيدۇ. دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، ھەدىسكە نىسبەتەن گۇمانى پىكرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇندى. توپلانغان ھەدىسلەرنىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، ھەمدە رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ساغلام كىشىلەر ئىكەنلىكىگە شەك-شۈبھى پەيدا قىلدىغان توقۇلمىلارنى

2- سۈرە نىسا 80 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
3- سۈرە ئال ئىمران 31 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى
4- سۈرە ھەشر 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

توقۇپ، ئاۋام ـ خەلقنىڭ ھەدىسكە بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مەزگىل ھەرىكەت قىلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھايات چېغىدا، ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتبېرىپ شۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى ماڭا قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە(ھەجىمدە) قۇرئانغا ئوخشاش (سۈننەت ۋە ھىكمەت) بېرىلدى. قۇرئانغا مەھكەم ئېسىلىڭلار! قۇرئان ھالال دېگەننى ھالال، ھارام دېگەننى ھارام بىلىڭلار... ئېشەك گۆشى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشى، قىممىتى يوق يۈتكەن نەرسىلەر سىرتىدا، زىممىلەرنىڭ (ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى كاپىرلار) يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىلىرى، سىلەرگە ھالال ئەمەستۇر[1]. ئاگاھ بولۇڭلاركى پات ـ ئارىدا تۆشەككە يۆلىنىۋېلىپ ئولتۇرغان ھالدا، مېنىڭ بۇيرۇغان ياكى توسقان بۇيرۇقلۇرۇمنى كۆرگەندە «بىز قۇرئاندىن باشقا نەرسىگە ئەمەل قىلمايمىز، ئاللاھنىڭ كىتابىدا نېمە بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىمىز» دەيدىغانلارنى كۆرىسەن[2].

ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە 14 ئەسىر بۇرۇن خەۋەر بەرگەن،ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ مەقسىتى ـ ھۇجۇم نىشانى قۇرئاندۇر. چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، ھەدىس بولمىسا، ئۇنىڭ مەنالىرىنى تولۇق چۈشۈنۈش مۇمكىن ئەمەستۇر. ھەدىس ئىنكارچىلىرى ھەدىسنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىگە يەتسە، قۇرئاننى ئىنكار قىلىش مەقسىتىگە يېقىنلىشالايدىغانلىقىنى گۇمان قىلىشىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى سەلىپ قاتارلىق دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقلىرىنى، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى يىقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلەلمىسە كېرەك.

ھەدىس ئىنكارچىلىرى ئىسلام دىنىنى چۈشۈنۈش ۋە مۇسۇلمانچە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم تەلىماتلىرىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ھەدىسلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى، رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سەممى ـ راستچىل كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەدىسنىڭ ئۇنچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ھەدىسلەرنى بىۋاستە ئىنكار قىلالماي، ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنى نىشانغا ئالىدۇ.

ئۇلار بەزى ئايەتلەرنى دەلىل سۈپىتىدە قوللۇنۇشتۇنمۇ تەپ تارتماستىن شۇنداق دېيىشىدۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى، بۇ ئايەت دىنىنىڭ تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر ھەدىس ـ سۈننەت مۇھىم بولىدىغان بولسا، بۇئايەتنى چۈشۈرمەيتى.

ئۇلارقۇرئاننىڭ تەپسىرلىرىگە قارىغان بولسا ئىدى، بۇ ئايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى ۋە ئۇ رىۋايەتلەرگە تايانغان قاراشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەقىقەتنى چۈشۈنەلەيتى. قۇرئان كەم ـ كۆتىسىز ،ھەدىسكە ئېھتىياچ يوق دەپ، پەيغەمبەرھەققىدە كەلگەن قۇرئاندىكى ئايەتلەرگە كۆز يۇمۇش ئەقلىسىزلىقتۇر.

## ھەر بىر مۇسۇلمان سۈننەتنى ھايات مىزانى قىلىشى كېرەك

مۇسۇلمانلار كىشىلىك ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ھايات مىزانى قىلىشى، سۆزى ھەرىكىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تەدبىقلىشى، بەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ

---

1- مۇسنەد ئىبنى ھەنبەل - 131

2- ئەبۇدادۇد 4605

ياشىشى زۇرۇلدۇر، بۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قەتئىي تەلىماتىدۇر. تۆۋەندە بۇھەقتە توختىلىمىز.

[بىز ساڭا قۇرئاننى، ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (ئۇ قۇرئاننى)تەپەككۇر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن ) دەپ نازىل قىلدۇق][1]

دېمەككى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ، ئۇنى كىشىلەرگە چۈشەندۇرۇپ بايان قىلىش ۋەزىپىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەزىپە قىلغان. بۇنىڭدىن قۇرئان كەرىم ـ دىنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى، سۈننەت بولسا دىنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. ھەدىس ئىنكارچىلىرى پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەھمىيەتسىزقارايدۇ، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە، ئىتائەت قىلىشقا، بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىقماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

## 1 ـ پەيغەمبەرگە ئەگىشىش مۇسۇلمانىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە بۇيرۇپ شۇنداق ئېيتىدۇ: [(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەرئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى،ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ] بۇئايەتكە ئەگىشتۈرۈپلا ئاللاھ تائالا شۇنداق بۇيرۇيدۇ: [ ئېيتقىنكى، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى(يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ]

بۇ ئايەتلەردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى، كىمكى ئاللاھنى دوست تۇتىمەن دەپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشمىسە، ئۇنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتىمەن دېگىنى يالغاندىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن باش تارتقان كىشى ئېغىر ئازاپقا مۇپتىلا بولىدۇ.

## 2 ـ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش شەرت. بۇنى بايان قىلىپ ئاللاھ شۇنداق ئېيتىدۇ: [رەھمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار[2]]

جەننەتكە لايىق بولۇش، ۋە بۈيۈك نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭمۇ ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئاللاھ بىزگە شۇنداق تەلىم بېرىدۇ: [ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ.][3]

بۇ ئايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتكار بەندە بولۇش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن رۇيابقا چىقىدۇ، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھ تالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى، پەيغەمبەرۋەھىنى ئاللاھتىن ئالىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇندۇر.

1- نەھل سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

2- ئالى ئىمران سۈرىسى 132 - ئايەت

3- نىسا سۈرىسى 13 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا مۇقەددەس كالامىدا ئۈچ قېتىم تەكرار كەلتۈرگەن، تۆۋەندىكى بۇ ئايەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلساق، سۈننەتنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنىنىڭ نە قەدەر يۈكسەكلىكىنى بىلەلەيمىز[ ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار[1]] مەشھۇر ئالىم ئىبنى قەييىم ھەزرەتلىرى، بۇ ئايەتلەردىكى «ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇق پېئىلىنىڭ تەكرار كېلىشى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ تەكىتلەنگەنلىكى، دەپ ئىزاھلىغان چۈنكى ئەرەب تىلى قائىدىسىگە كۆرە «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق پېئىلى بىرلا قېتىم كەلتۈرسە مەنا ئىپادىلىنەتتى، بۇيرۇق پېئىلىنىڭ تەكرار كېلىشىدىن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش قانچە مۇھىم بولسا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشمۇ شۇنداق مۇھىم دېگەن ئۇقۇم زاھىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇغىنى ياكى چەكلىگىنى قۇرئاندا بولسۇن، مەيلى بولمىسۇن ھەر بىر مۆئمىن-مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى، بەھس-مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھۆكۈمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننىڭ ئوخشىشى( ھەجىم- ئاز- كۆپلۈك جەھەتتىن قۇرئاندەك ئىلىم) بېرىلگەندۇر. بۇ ئايەتلەردىن، ھەدىس ۋە سۈننەتنىڭ، قۇرئاندىن قالسىلا دىنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ھەدىس ۋە سۈننەت بولمىسا دىنىمىزنى تولۇق چۈشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

## 3- پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلماسلىق - گۇمراھلىقتۇر.

مۆئمىن مۇسۇلمان ھېچ بىر زامان پەيغەمبەرگە ئىتائەتسىزلىك قىلمايدۇ، ئەگەر ئىتائەتسىزلىك قىلسا بارلىق ئەمەللىرى يوققا چىقىدۇدە ، جەھەننەمگە مەھكۇم بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتى دەلىلدۇر. [ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ(يەنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەرئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ[2]]

[ مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشلەرمەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر[3]]

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمرىگە قەتئىي بوي سۇنۇش لازىملىقىنى بايان قىلىپ، سوئال تەرىقىسىدە، پىرئەۋنىنىڭ قىسسىسىدىن مىسال كەلتۈرۈپ، شۇنداق ئېيتىدۇ: [ شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنىدەك، سىلەرگە (ئەمەللىڭلەرگە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى( يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي) ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغانىدەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق. ئەگەرئىمان ئېيتمىساڭلار، (دەھشىتىدىن) بالىلارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدىغان كۈندىن

1- نىسا سۈرىسىنىڭ 59 -ئايىتى، نۇر سۈرىسىنىڭ 54 - ئايىتى، مۇھەممەد سۈرىسىنىڭ 33 - ئايىتى

2- ئەھزاب سۈرىسى36 - ئايەت

3- نۇر سۈرىسى 51 - ئايەت

قانداق ساقلىنىسىلەر؟][1]

يۇقارقى ئايەتتە پەيغەمبەرگە ئەگەشمىگەن قەۋمنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالدىغانلىقى بايان قىلىندى، بىز بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، ئاشۇ ئازاپقا قېلىشقا رازى بولىمىزمۇ؟ ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان ھېچ بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىپ، ئاخىرەتلىكىنى بەربات قىلمايدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەقامى

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ـ ئاللاھ تائالا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى بايان قىلىپ شۇنداق ئېيتىدۇ: [ (ئى مۇھەممەد!) بىز سېنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق]

بۇ ئايەتتىكى «پۈتۈن ئەھلى جاھان» دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ تامامى مەخلۇقاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېمەك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدۇن مۇستاپا سەل لەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەل لەمنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەرتىلىشى بارلىق مەخلۇقات (ئىنسان ـ جىن ـ مەۋجۇدات) لىرىغا ئاللاھنىڭ كاتتا مەرھەمىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا كېچىسى پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىغا ـ ئەرش ئەلاغا كۆتۈرۈلۈپ، سەپەر ئۈستىدە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ئادەم ـ ئىبراھىم ـ مۇسا ـ ھارۇن ئەلەيھىمۇسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقى، ۋە ئاخىرىدا پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى، پەرۋەر دىگارىدىن قايتا قايتا ئۆتۈنۈش بىلەن، بىز ئاجىز بەندىلەرنىڭ ئۈستىمىزدىكى ناماز ئىبادەتلىرىنىڭ يەڭگىللى ـ تىلگەنلىكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى ۋە ئىمتىيازىنى ئىپادىلەپ تۇرماقتا. ئەڭ مۇھىمى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەبەدى مۆجىزە ـ قۇرئان كەرىم، رەسۇللۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدە ئالاھىدە شان ـ شەرەپكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان كاتتا مۆجىزىسى ـ ھاسا بولسا، پەقەت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىلا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مۆجىزە كۆرسىتەلەيتى، باشقا بىرسىنىڭ قولىدا مۆجىزە ئەمەس پەقەت بىر ھاسا ئىدى. ئەمما رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە ـ قۇرئان كەرىم ئەبەدى ئەبەد مۆجىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار، ھەممىنى ساناشنىڭ ھاجىتى يوق، يۇقاردىكىلىرى نەمۇنىدۇر.

دىنىمىزنىڭ يېتەكچىلىرى بولغان، ساھابە كىراملار، تابىئىنلەر، ۋە مەشھۇر ئۆلىمالار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى دىنى ئەھكام دەپ قوبۇل قىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئەمەل قىلىپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ بۇيرىغاننى بىجا كەلتۈرۈپ، توسقان ئىشلاردىن چەكلەنگەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىس ۋە سۈننەتكە ئەگىشىشىمىزنى بۇيرۇپ، ھەدىس ـ سۈننەت نىڭ دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. ھەمدە يېقىن زاماندا قورساقلىرى توقلۇقتىن تومپايغان، ئازادە تۆشەكلەردە ئولتۇرۇپ «بىزگە قۇرئان كۇپايە، ئۇنىڭدا ھالال دېگەننى ھالال، ھارام دېگەننى ھارام بىلىمىز» دەپ بىلجىرلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ شۇنداق دەيدۇكى: «ماڭا قۇرئان بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئوخشىشىمۇ بېرىلدى» سۈنەن ئەبۇداۋۇد قا ئىزاھات يازغان ھاتتابى، يۇقارقى ھەدىسنى مۇنداق شەرھىلىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ« قۇرئان بىلەن قۇرئاننىڭ ئوخشىشى» دېگەن ھەدىس ئىككى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ،

1- مۇزەممىل سۈرىسى 17-16-15 ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرىنچىسى- ئوچۇق ۋەھىي - قۇرئاندۇر، ئىككىنچىسى مەخپىي ۋەھىي - سۈننەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق ئېيتىدۇ: «ماڭا زاھىرى ئىلىم بېرىلگىنىدەك، باتىنىي ئىلىممۇ بېرىلدى». «ماڭا قۇرئان بېرىلگىنىدەك، ئۇنىڭ تەئۋىلى (ئوچۇقلىما-شەرھىسى) مۇ بېرىلدى[1]»

سەلەپ ۋە خەلەپ ئۆلىمالىرىمىز، ھەدىس ئىنكارچىلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن خەۋەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن.

ئىرباز ئىبنى سارىيە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلغان: بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە خىتاب قىلدى، رەسۇلۇللاھنىڭ خىتابى خۇددى ۋىدالىشىش ئۈچۈن سۆزلىنىۋاتقاندەك ئىدى، ساھابىلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، رەسۇلۇللاھدىن نەسىھەت قىلىشنى سوراشتى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى - رەسۇلۇللاھ: كەلگۈسى زاماندا چوڭ بىر ئىختىلاپنىڭ چىقىدىغانلىقى، شۇ ۋاقىتتا ياشىغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ سۈننىتى ۋە خۇلافائى راشىدىن( رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان خەلىپىلەر) لەرنىڭ يولىدىن مېڭىشىنىڭ لازىملىقىنى، پەيدا بولغان بىدئەتلەردىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئىختىلاپ بىر ئەسىر مابەينىدە، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىمىزدا بىخلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈنىمىزدە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئىختىلاپنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا، قۇرئان بولسىلا بولىدى، ھەدىس سۈننەتكە ئېھتىياجىمىز يوق دەپ بىلجىرلاۋاتقانلار، ئاساسسىز نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىگە ھۇجۇم قىلماقتا، پىتنە ئەۋج ئالغان مۇشۇنداق شارائىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مەھكەم ئېسىلىپ، بىدئەتچىلەرنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلىنىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز ھېساپلىغان ئۈچ ساھابىنىڭ قىسسىسىنى كۆپىنچىمىز بىلىمىز.

ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ كېچىلىرى قىلىدىغان نەپلە ئىبادەتلىرى ۋە نەپلە روزىلىرىنى ئاز كۆردى، رەسۇللۇللاھ نىڭ ئىلگىرى ئاخىرىقى سەھۋەنلىكلىرىنى ئاللاھ تائالا نىڭ كەچۈرگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ كۆپرەك نەپلە ئىبادەت قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى سۆزلەشتى، بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ خاتا چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر ئىشتا ئۆزىنى ئۈلگە قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى بۇيرۇپ، سۆزىنى شۇ ھەدىس بىلەن تاماملىدى، «مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىگەن كىشى مەندىن ئەمەس(يەنى مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس)» بۇ يەردىكى «مەندىن ئەمەس» دېگەن جۈملە، مېنىڭ دىنىمدىن، مېنىڭ شەرىئىتىمدىن ئەمەس» دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ، بۇھەدىستە پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن، ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە بىدئەتچىلەربۇلارنى چوڭقۇرئويلىنىشلىرى كېرەك.

ھەدىس ۋە سۈننەتلەر كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا ھەدىسلەر يېزىلىشقا باشلىغان. رەسۇلۇللاھ بەزى ساھابىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ توپلىشىغا رۇخسەت قىلغان، نۇرغۇن ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يادلىغان، ھەدىسلەرنى يادلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەمما بۇ ئەقلىسىزھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە بىدئەتچىلەرھەدىسلەرنىڭ بىر قانچە ئەسىر كېيىن ئوتتۇرىغا چىققىنىنى دەۋا قىلىشىدۇ، ۋە ھەدىس كىتابلىرىدىكى

1- ھاتتابى: مەئالىمۇس سۇنەن 298

رىۋايەتلەرنىڭ ئويدۇرۇلۇپ رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلگىنىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ھەدىسنىڭ يېزىلغانلىقى، ساھابىلارنىڭ يادلىغانلىقىدەك ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇترۇقسىز ئاساسسىز دەۋالىرىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنىڭ ھەدىس- سۈننەتلىرىنى ئۆگۈنۈش ۋە ئۇنى ھاياتىمىزغا تەدبىقلاشنىڭ نە قەدەر زۆرۈرلىكىنى، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن [ (ئۇ )نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.[1]]

ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ھەدىس ۋە سۈننەتكە قۇرئان كۆرسەتكەن بويىچە ئەمەل قىلدى، ۋە ئۆز ھاياتلىرىغا تەدبىقلىدى،

ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ھەم بىزلەرنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن!

ساھابىلار ھەدىس ئۆگۈنۈشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى

ساھابىلار ھەدىس ئۆگۈنۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بىرقانچە كۈن قالاتتى، ئاندىن ئۆگەنگەن ھەدىسلىرىنى ئائىلىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا ئۆگۈتۈش ئۈچۈن ئائىلىسىگە قايتىشاتتى، مالىك ئىبن ھۇۋەيرىس دېگەن ساھابىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەزى ياش ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا يىگىرمە كۈنلەرچە قىلىپ قۇرئان- ھەدىس ئۆگەنگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى «ئائىلەڭلارنى سېغىندىڭلار، ئەمدى بېرىپ ئەندىن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۇلارغا ئۆگۈتۈڭلار!

1- نەجم سۈرىسى 4-3 - ئايەت

دەپ ئۇلارنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا بۇيرۇغان.

ساھابىلارنىڭمۇ ئائىلىسى- پەرزەنتلىرى بارئىدى، ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن تىجارەت- كەسىپ ۋە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىناتتى، نۇرغۇنلىرى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن ئالدىراش ئىدى، شۇنداق بولسىشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم ئۆگۈنۈش ئۈچۈن نۆۋەتلىشىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەزرىتى ئۆمەربىر ئەنسارى قوشنىسى بىلەن ھەر بىرى بىر كۈندىن نۆۋەتلىشىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا قىلىپ، قۇرئان -ھەدىس ئۆگۈنەتتى، ئاخشىمى قايتىپ،كۈنلۈك ئۆگەنگىنىنى يەنە بىرىگە دەپ بېرەتتى.

رەسۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھەدىسنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ساھابىلار ھەدىسلەرنى بىر بىرلىرىدىن ئۆگۈنۈپ تولۇقلىدى، ئابدۇللاھ ئىبن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەزى ساھابىلەرگە ھەدىسلەرنى توپلاش توغرىلىق مەسلىھەتلەشكەندە، بىر ساھابى مەدىنىدە ساھابىلارنىڭ كۆپلىكىنى ھەدىسنىڭ ھەر بىر ساھابىنىڭ قەلبىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ پىكرىنى قوللىمىدى. ئابدۇللاھ ئىبن ئابباس ئۆزى باش بولۇپ ھەدىسلەرنى توپلاش، تولۇقلاش ئىشىغا كىرىشتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ساھابى ھەزرەتى ئىبن ئابباسنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پىكرىنىڭ ناھايىتىمۇ دانا بولغىنىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغىنىنى ئېتىراپ قىلغان.

ساھابىلارھەدىس توپلاش ئۈچۈن ،ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىنىڭ ئۆيىگىچە بېرىپ ئىنقىلاپ رەتلەيتى.

ھەزرەتى جابىر ئىبن ئابدۇللاھ، بىر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تۆگە بىلەن شامغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھتىن بىۋاستە ئاڭلىغان ساھابە ھەزرەتى ئابدۇللاھ ئىبن ئۇنەيس بىلەن كۆرۈشكەن.[2]

2- ئەھمەد ئىبن ھەنبەل /مۇسنەد- 495

www.uyghurkitap.com



ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى پۇختا يادلاشقا تىرىشاتتى ۋە بۇ ھەدىسلەرنى ساھابىلار ئۆز-ئارا مۇزاكىرە قىلىشىپ، مەپھۇم-مەنىسىنى چۈشىنىپ، پىقھى بىلىمىنى تولۇقلايتى [1].

ئۇممۇلمۇئمىنىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەدىسنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنگە قەدەر رەسۇلۇللاھدىن تەكرار تەكرار سورايتى، رەسۇلۇللاھمۇ تەكرار چۈشەندۈرەتتى [2].

ساھابىلار دىننى ياخشى ئۆگىنىش، خالىس ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئەمەل-ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، دۇچ كەلگەن ھەر بىر ئىشنى، ھەتتاكى بەزى ئۇياتچان مەسىلىلەرنىمۇ رەسۇلۇللاھدىن سورايتتى. ھەزرەتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇنداق دەيدۇ: ئەنسارى ئاياللارنىڭ زىيادە تارتىنچاقلىقىمۇ، ئۇلارنىڭ دىننى ئۆگىنىشگە توسالغۇ بولمىغان، شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئىھتىلام بولغان ئاياللارنىڭ غۇسلى قىلىش-قىلماسلىق توغرىسىدا سوئالنىمۇ سورىغان [3].

يۇقارقى بۇ مىساللار ساھابە كىراملارنىڭ، ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ شۇ پىتى يادلاپ، كېيىنكىلەرگە ساغلام شەكىلدە يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، ھەمدە يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، ھەدىس سۈننەت بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىزاھاتىدۇر، قۇرئاندا ئومۇمى بايان قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاش، تەپسىلى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھەدىس-سۈننەت ئىنتايىن مۇھىمدۇر. پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىتا ساھابىلار ھاياتىنى ھەدىس-سۈننەتكە تەدبىقلاپ ياشىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەت كۆزئالدىدا تۇرسىمۇ، سۈننەت-ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھدىن كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتقان ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ سۆزى تۇترۇقسىزدۇر. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەستۇر.

ساھابە كىراملار ھەدىسلەرنى ھەم يازاتتى، ھەم يادلايتتى، ئۆز ئارا مۇزاكىرە قىلىشىپ، ئۆز ھاياتىنى ھەدىسكە تەدبىقلايتتى، بۇ يەردە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئەرەبلەرنىڭ «ئۇممى» يازالمايدىغان بىر قەۋم بولۇپ، ئوقۇپ يازالايدىغانلىرى بەك ئاز ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار مەدەنىيەتلىرى، تارىخلىرى، شېئىر-ئەسەرلىرىنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يادلاپ قالدۇراتتى. ھەممىمىزگە مەلۇم يازالمايدىغان كىشىنىڭ ئەشتە ساقلاش قابىلىيىتى يازالايدىغانلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن. بۇ سەۋەبتىن ھەدىسلەرنىڭ يادا شەكىلدە كېيىنكىلەرگە ئۆزگەرمەستىن ساغلام يېتىپ كەلگەنلىكى ئەقلى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. ساھابىلار ھەدىسنى دىن دەپ تونۇپ ياخشى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، ۋە بۇ ھەدىسلەرنى كېيىنكىلەرگە ئەسلىسى بويىچە يەتكۈزۈشنى دىنى بۇرچى دەپ بىلگەن ۋە ئەمەل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسنى يېزىشقا رۇخسەت قىلىشىمۇ ھەدىسنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرماقتا.

داۋامى كېيىنكى ساندا[4]

1- ئەلجامىئىسسەغىر

2- بۇخارى / ئىلىم- 35

3- بۇخارى /ئىلىم- 50 -// مۇسلىم / ھەيز- 32

4-بۇ ماقالە پروپېسسىر دوكتور MEHMET YASAR KANDEMIRنىڭ




## ئىنسان ئەزالىرىنى سېتىش ۋە كۆچۈرۈشنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى[1]

يېتەكچى دوكتور: ھەسەن سەييىد ئەھمەد ھەبىب

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ - سانالار ئاللاھقا خاستۇر، دۇئا ۋە سالاملار ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئەھلى بەيتىگە بولسۇن!

مەقسەت:

دەۋرىمىزدە باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ماددىي - مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ تىجارەتنىڭ خىلمۇ - خىل تۈرلىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ئەزالىرىنى باشقىلارغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ ساتىدىغان، يېڭى بىر سودا تۈرى بارلىققا كېلىپ، خۇددى بازاردىكى تاۋارلارغا ئوخشاش باھا قويۇدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. بىرەر ئادەمنىڭ بۆرىكى، جىگىرى، يۈرىكى ۋە كۆز مۈڭگۈز پەردىسىگە ئوخشاش ئەزالاردىن بىرەرسى كاردىن چىقسا، ئۇنىڭ ساغلام ھاياتتا ياشىشى ئۈچۈن، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە شۇ ئەزانى تولۇقلاشقا تىرىشىدۇ دە باشقىلارنىڭ شۇ ئەزاسىنى سېتىپ ئېلىپ، ئەزا كۆچۈرۈش ئاپېراتسىيەسى قىلدۇرىدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە ئىسلامنىڭ ھۆكمىنى بىلىشىمىز ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر. ئۇنداقتا ئىسلامنىڭ ھۆكمى رۇخسەت قىلامدۇ ياكى چەكلەمدۇ؟

ئەگەر رۇخسەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇتلەق رۇخسەتمۇ ياكى شەرتكە باغلانغانمۇ؟ ئۇ شەرتلەر قايسىلار؟ ئەگەر ئىئانە قىلىش دۇرۇس بولسا ئۇنداقتا سېتىشقا بولامدۇ؟

نۆۋەتتە بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللارغا جاۋاب بېرىش ئىسلام فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بىزگە ھەر قانداق زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغان، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى ئاتا قىلدى. ئىسلام شەرىئىتى ئوتتۇراھال يولنى ئاساس قىلىپ، نۇرغۇن بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتى. كىشىلەرنىڭ دىنى مەجبۇرىيەتلەرنى ئاسان ئورۇندىشى ئۈچۈن، بەزى مەسىلىلەرگە مۇئەييەن بەلگىلىمە بېكىتمىدى، بۇ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ كاتتا مەرھەمىتىدۇر. مەن شۇنىڭغا ئاساسەن تەتقىقاتىمنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرغا

1- ماقالە ئەرەبچە يېزىلغان تەتقىقات ماقالىسى بولۇپ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى

قويمەن.

**تەتقىقات پىلانى**

1 ـ كىرىش سۆز

2 ـ بىرىنچى باب: بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ ئەزالارنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدىكى دەلىل ۋە كۆز قاراشلىرى.

ـ بىرىنچى پاراگراف: تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ دەلىل ۋە كۆز قاراشلىرى.

ـ ئىككىنچى پاراگراف: ئىلگىركىلەرنىڭ قۇرئان، سۈننەتكە ۋە ئەقلى دەلىلگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل ۋە كۆز قاراشلىرى.

3 ـ ئىككىنچى باب: ھازىرقى زامان ئۆلىمالارنىڭ ئەزالارنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدىكى دەلىللىرى ۋە كۆز قاراشلىرى.

. بىرىنچى پاراگراف: نۆۋەتتىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرى.

ـ ئىسلام فىقھشۇناس ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ شەرتلىك ھالدىكى كۆز قارىشى.

. ئىككىنچى پاراگراف: قۇرئان ۋە سۈننەتتىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەر.

ـ دوكتور يۇسۇف قەرزاۋىينىڭ ئەقلى دەلىللىرى.

4 ـ خۇلاسە: خۇلاسىلاش ۋە كۈچلۈك كۆز قاراش.

5 ـ پايدىلانغان مەنبەلەر.

بىرىنچى باب: بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ ئادەم ئەزالىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدىكى دەلىللىرى ۋە كۆز قاراشلىرى.

بىرىنچى پاراگراف: تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى.

. ھەنەفي مەزھىپى:

ئىبنى ئابىدىن ھەنەفي مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە، قولۇمنى كېسىپ يە، دېسە ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ گۆشىنى ئۇنىڭ ئۆلۈكلىكىدىن، ئەڭ ئېھتىياجلىق ھالەتتىمۇ يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ.[1]

نىزامىددىن بەلخى مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان ئەزالىرىدىن پايدىلىنىش دۇرۇس ئەمەس.[2]

. مالىكى مەزھىپى:

شاتىبى «مۇۋافىقات» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: جاننى تىرىلدۈرۈش، ئەقىل ۋە بەدەنلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈش بەندىلەرنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرقى ئىشلارنى بەندىلەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرمىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بەندىنىڭ ھاياتى، جىسمى، ۋە ئەقلىنى،(ئۇ بەندىدىن) تەلەپ قىلىنغان بۇيرۇقلارنى ئورۇندىشى ئۈچۈن مۇكەممەل ياراتقان ئىكەن، بەندىنىڭ ئۇنى نابۇت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئاللاھ ساقلىسۇن! ئىنسان بەزىدە ئۆز قۇدرىتى دائىرىسىدە بولمىغان بىر ئىش بىلەنمۇ سىنىلىدۇ.[3]

قەرافى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسان رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈكلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا مەنپەئەتلىك ھەر قانداق بىر ئەزانى زايە قىلىش، نابۇت قىلىش ۋە جاراھەتلەندۈرۈش ھارامدۇر. ئەزا ئىگىسىنىڭ رازىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[4]

1- ابن عابدين ( ھىجرىيە 1252 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ھىجرىيە 1412 – يىلى - مىلادىيە 1992 – يىلى « دار الفكر » دە -2 قېتىم نەشرى قىلىنغان « رد المختار على الدر المختار » دېگەن كىتابى ( 6 \ 338 ).

2- نظام الدين البلخي ( ھىجرىيە 1118 يىلى ۋاپات بولغان ) باشچىلىقىدىكى ئۆلىمالار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ھىجرىيە -1310 يىلى « دار الفكر » دە -2 قېتىم نەشرى قىلىنغان « الفتاوى الهندية » دېگەن كىتابى ( 5 \ 354 ).

3- أبو عبيدة تەھقىقلىغان شاتىبي ( ھىجرىيە 790 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ھىجرىيە 1417 - يىلى - مىلادىيە 1997 – يىلى « دار بن عفان » دە تۇنجى نەشرى قىلىنغان « الموافقات » دېگەن كىتابى( 3 \ 102 ).

4- أبو العباس القرافي ( ھىجرىيە 684 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « عالم الكتب

.شافئى مەزھىپى:

نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق بىر كىشى جىددى ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئەزاسىنى باشقىلارغا كېسىپ بېرىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئەزاسىنى ئۆزى ئۈچۈن كېسىپ ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.[1]

خەتىب شەربىنى مۇنداق دەيدۇ: بىر شەخسنىڭ جىددىي ئېھتىياجى بولغانلارغا ئۆزىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كېسىپ بېرىشى قەتئىي ھارام.[2]

.ھەنبەلى مەزھىپى:

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ياشاشقا تېگىشلىك ئادەمدىن باشقىسى تېپىلمىغاندا، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىككە ھەممە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن، مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى ھالاك قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغان ئىنسانمۇ ھاياتىنى قۇتقۇزماقچى بولغان ئىنسان بىلەن ئوخشاش، ئۆزى ئۈچۈن باشقىسىنى ھالاك قىلىش دۇرۇس ئەمەس، بۇنىڭدا ھېچقانداق تالاش - تارتىش يوق.[3]

ئىككىنچى پاراگراف: ئىلگىركىلەرنىڭ قۇرئان، ھەدىس، ۋە ئەقلى دەلىللىرى:

**قۇرئاندىن دەلىل:** ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سۈرە ئىسرائنىڭ 70 - ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا ( ئۇلاغلارغا ) مىندۈردۇق، دېڭىزدا ( كېمىلەرگە ) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق ﴾

ئىنسانىنىڭ ئەزالىرىنى سېتىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى مەنسىتمىگەنلىك بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدۇ.

**ھەدىستىن ئالغان دەلىل:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن ئۆزۈم دەۋالىشىمەن، بىرىنچىسى: ماڭا ۋەدە بېرىپ ۋاپاسىزلىق قىلغان، ئىككىنچىسى: بىر ھۆر ئادەمنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى يەۋالغان. ئۈچىنچىسى: بىر ئىشچىنى ياللاپ ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئەجرىنى بەرمىگەن ئادەم » سەھىھۇل بۇخارى 2227 - ھەدىس).

**ئەقلى دەلىل:** ئەمەلىيەتتە بۇ ئەزالار ئىنسانىنىڭ بىر پارچىسى بولسىمۇ ئۇنىڭ مۈلكى ئەمەس، ۋە ئۇنى باشقىلارغا بېرىش ئارقىلىق مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن ۋارىسلىرىغا قالدۇرىدىغان مىراسمۇ ئەمەس، شەرىئەتتە ئۇنى سېتىشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسانىنىڭ ئۇ ئەزالارنى سېتىشى ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى ئەگەر ئىنسان ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىنى ساتسا ئۇ سودا ئىناۋەتسىز دەپ بىرلىككە كەلگەن.

بۇ تېما ھەققىدە ئىجتىھاد قىلغان ئىلگىرىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادىدىن ئېرىشكەن نەتىجىسى ۋە كۆز قارىشلىرىنى كۆرۈپ چىقتۇق، ئۇنداقتا بىز نۆۋەتتىكى

» دە 2 - قېتىم نەشرى قىلىنغان « الفروق » دېگەن كىتابى ( 1 \ 141 ).

1- - زهير الشاويش تەھقىقلىغان الإمام النووي ( ھىجرىيە 676 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ھىجرىيە 1412 - يىلى - مىلادىيە 1991 — يىلى « المكتبة الإسلامي » دە 3 - قېتىم نەشرى قىلىنغان « روضة الطالبين وعمدة المفتين » دېگەن كىتابى ( 3 \ 285 ).

2- - شمس الدين الشربيني الشافعي ( ھىجرىيە 977 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ھىجرىيە 1415 - يىلى - مىلادىيە 1994 — يىلى « دار الكتب العلمية » دە تۇنجى نەشرى قىلىنغان « مغني المحتاج إلى معرفة معاني ألفاظ المنهاج » دېگەن كىتابى ( 6 \ 164 ).

3- - ابن قدامة ( ھىجرىيە 620 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ھىجرىيە 1388 - يىلى - مىلادىيە 1968 — يىلى « مكتبة القاهرة » دە نەشرى قىلىنغان « المغني ».

تەلەپ قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، يېڭى نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن زامانىمىزدىكى ئۆلىمالارنىڭ پىكرى ۋە ئىزدىنىشىنى بىلىشىمىز زۆرۈر.

ئىككىنچى باب: نۆۋەتتىكى ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىك ھالدا ئەزالارنى سېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى.

. بىرىنچى پاراگراف: نۆۋەتتىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرى.

1. ئىسلام فىقھشۇناس ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ شەرتلىك كۆز قاراشلىرى.

ئىسلام فىقھشۇناس ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن تۆۋەندىكىدەك قارار قىلىنغان:

بىرىنچى: ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىدىن كېيىن ئېرىشىدىغان مەنپەئەت، ئۇنىڭ زىيىنىدىن كۆپرەك بولۇش، شۇ ئەزانىڭ قايتا پەيدا بولۇش، ياكى ئۇنىڭ شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولۇش ۋە ياكى ۋەزىپىسىنى نورمال ئورۇندىيالايدىغان بولۇش ، كېلىپ چىققان ئەيىبنى تۈزەش، ياكى ئۇ ئەيىبنى يوق قىلىش ئىمكانىيىتى بولۇش شەرتلىرى بىلەن، ئىنساننىڭ جىسمىدىكى بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئەگەر قان ۋە تېرىگە ئوخشاش ئۆزلىكىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئەزا بولسا، ئۇ ئەزانى بىر ئىنساندىن يەنە بىر ئىنسانغا يۆتكىسە بولىدۇ.

ئۈچىنچى: كۆزى كىسەللىك سەۋەبىدىن كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىنساننىڭ مۈڭگۈزسىمان كۆز پەردىسىنى يەنە بىركىشىگە كۆچۈرۈش ئارقىلىق پايدىلىنىش دۇرۇس.

تۆتىنچى: ئېلىۋەتسە ئىنسان ھاياتى ئاخىرلىشىدىغان، يۈرەككە ئوخشاش ئەزانى بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە يۆتكەش ھارام.

بەشىنچى: ھايات ئىنساننىڭ ئەزاسىنى يۆتكەش ھارام، چۈنكى ئىنساننىڭ ئەزاسىنىڭ يوق بولۇشى گەرچە ئىنساننىڭ ھاياتىغا تەسىر يەتكۈزمىسىمۇ ئەزانىڭ ۋەزىپىسىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، مەسىلەن كۆزنىڭ مۈڭگۈزسىمان پەردىسىنى يۆتكىگەنگە ئوخشاش.

ئالتىنچى: بىر ئادەمنىڭ ھايات-ماماتى، ئۆلگەن ئىنساننىڭ بىر ئەزاسىنى كۆچۈرۈشكە قاراشلىق بولۇپ قالغان بولسا، ياكى بىر ئىنساننىڭ ئاساسلىق ئەزاسىدىن بىرەر ئەزانىڭ ساغلام بولۇشى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەزاسىنى يۆتكەشكە قاراشلىق بولۇپ بولسا، ئۆلۈكنىڭ ئەزاسىنى ھايات ئادەمگە يۆتكەشكە بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى شۇكى ئۆلگەن كىشى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولۇشى كېرەك، ياكى مىراسخورلىرى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ كىملىكى نامەلۇم ياكى مىراسخورلىرى يوق ئادەم بولۇپ قالسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بۇنىڭغا قوشۇلغان بولۇشى كېرەك.[1]

ئىككىنچى پاراگراف: قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىللەر.

**قۇرئان كەرىمدىن دەلىل:** ئاللاھ تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ 119- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ ﴾

ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ 173- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىنىڭ ( يەنى

1- - مىلادىيە 1988 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە يەنى ھىجرىيە 1408 - يىلى 2 -ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھرىدە ئېچىلغان 4 - قېتىملىق ئىسلام فىقھى مەجمەئەسى.

بۇتلارنىڭ ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى، كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن ( يۇقىرقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر ﴾

ئاللاھ تائالا سۈرە مائىدەنىڭ 32 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە ( يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشقا سەۋەبچى بولسا ) ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ ﴾

ھەدىستىن دەلىللەر: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى مۆمىندىن دۇنيا قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ (قىيىنچىلىقلىرىنى) ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ » ( المسند الصحيح المختصر 2699 ـ ھەدىس)

ئەقلىي دەلىللەر: دوكتور يۇسۇف قەرزاۋى: ئىسلامنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى، ئىنسان ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈك بولسۇن، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان تارماق ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈرە ئىسرانىڭ 70 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق ﴾ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مېيىتنىڭ ئۇستىخىنىنى سۇندۇرۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «مېيىتنىڭ ئۇستىخىنىنى سۇندۇرۇش ھايات كىشىنىڭ ئۇستىخىنىنى سۇندۇرغانغا ئوخشاش ».[1]

تەبىبىي: ھايات كىشىنى كەمسىتىشكە بولمىغىنىدەك مېيىتنىمۇ كەمسىتىشكە بولمايدۇ دېگەنگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن.[2]

ئۆلۈكنىڭ جەستى ئاسرىلىدۇ ( ئاۋايلىنىدۇ ) ۋە ھۆرمەت قىلىنىدۇ، مەنسىتىلمەيدۇ ۋە خورلانمايدۇ، مېيىتنىڭ قورسىقىنى يېرىش ياكى ئۇنىڭ ئەزالىرىنى ياكى بىر قىسمىنى ھايات ئادەمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (رۇخسەتسىز) ئېلىۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

مۇشۇنداق كەسكىن قائىدىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۆلىمالار «ئېھتىياج تۇغۇلغاندا چەكلەنگەن نەرسىلەر ۋاقىتلىق جائىز بولىدۇ» دېگەن پەتۋانى چىقاردى، ئۇ بولسىمۇ « زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارنى مۇباھ قىلىدۇ «. ھەر قانداق قائىدىنىڭ ئىستىسناسى بار دېگەنلىكتۇر.[3]

ئەمەلىيەتتە چەكلەش بولسا چارىسىز قالغۇچى ئۈچۈن ھالاك بولۇشنىڭ ھاسىلىدۇر. بىر ئەزانى ياكى سېزىمىلىرىدىن بىر سېزىمنى يوقۇتۇپ قويغانغا ئوخشاش، مانا مۇشۇلار شەرئى زۆرۈرىيەتلەر[4] بولۇپ ھەتتا شەرئەتتىكى ۋاجىپ ئىشلارمۇ ئۇزۇر ياكى ئېھتىياج سەۋەبىدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ.[5]

---

1- - محي الدين عبد الحميد تەھقىقلىغان « المكتبة العصرية » دە نەشرى قىلىنغان « سنن أبو داود » ( ھىجرىيە -275 يىلى ۋاپات بولغان ) دېگەن كىتابى 3207 -ھەدىس.

2- - أبو عبد الرحمن شرف الحق ( ھىجرىيە 1329 يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ھىجرىيە 1415 - يىلى -9 ئاينىڭ -18 كۈنى « دار الكتب العلمية » دە -2 قېتىم نەشرى قىلىنغان « عون المعبود شرح سنن أبي داود » دېگەن كىتابى دىن ئېلىندى

3-- د. محمد مصطفى الزحيلي نىڭ ھىجرىيە 1427 - يىلى - مىلادىيە 2007 — يىلى « دار الفكر » دە تۇنجى نەشرى قىلىنغان « القواعد الفقهية وتطبيقاتها في المذاهب الأربعة» دېگەن كىتابى ( 33 \ 1 / 276 ).

4-- دوكتور يۇسۇپ قەرزاۋىنىڭ -2010 يىلى « دار الشروق » تا نەشرى قىلىنغان « زراعة الأعضاء في ضوء الشريعة الإسلامية » ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا ئەزا كۆچۈرۈش دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

5-- ھەنەفى مەزھىپىنىڭ ھىجرىيە 1412 - يىلى - مىلادىيە 1992 — يىلى « دار الفكر » دە -2 قېتىم نەشرى قىلىنغان « رد المختار على الدر المختار » دېگەن

تۇۋەندىكىلەر بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ

1 ـ قىچىشقاق كېسەللىكى بار ئادەمنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى، ئالتۇن ئىشلىتىشكە ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئالتۇن ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنغىنىغا ئوخشاش زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ئەزا كۆچۈرۈشمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

2 ـ ئەگەر ئۆلگەن ئايال ھامىلدار بولسا قورسىقىنى ئاپىراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ھامىلىنى ئېلىش دۇرۇستۇر.

3 ـ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى يەتكەندە ئۇسسۇزلۇقىدىن ئۆلۈپ كېتىش ھالىتىدە بولۇپ ئىچىدىغانغا ھاراقتىن باشقا نەرسە تېپىلمىسا، ئۆزىنى ھالاكەتتىن ساقلاش ئۈچۈن ھاراق ئىچسە بولىدۇ.

بولۇپمۇ تىببىي ئىلىم ۋە نۇرغۇن ئىلىملەر تەرەققىي قىلغان بۇ دەۋردە بۇ كۆز قاراش كۈچلۈكتۇر.

4 ـ باپ خۇلاسە ۋە نەتىجىلەر:

مۇلاھىزە قىلىپ ئىزدەنگىنىمىزدىن كېيىن بىز شۇنداق قارايمىزكى، قەدىمكى ئۆلىمالار بىر ئىنساننىڭ ھاياتىنى دەپ، يەنە بىر ئىنساننىڭ ھاياتىنى ھالاكەتكە تاشلاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشقان ئىدى، چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە تىبابەت ئىلمى تەرەققىي قىلمىغان، ئەمما بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلسەك، مۇتەخەسسىس دوختۇرلار بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدىنمۇ يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىز مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ مۇمكىن بولغىنىچە ھەدىيە قىلىش يولى ئارقىلىق ئەزا كۆچۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان نەتىجىگە ئېرىشتۇق، ئەگەر ئۇ ئەزاغا پەقەت ئىقتىساد ئارقىلىقلا ئېرىشىش مۇمكىن بولسا، ئۇنى سېتىۋېلىش دۇرۇس، چۈنكى مەجبورلىنىپ قالغان كىشى ئۈچۈن ھارام نەرسە مۇباھ قىلىنىدۇ. دىمەك چارىسىزلىقدىن ئىبارەت بولغان ۋاستە، مۇباھلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

5. پايدىلانغان مەنبەلەر


1 – الجامع المسند الصحيح .

2 – حاشية ابن عابدين.

3 – روضة الطالبين وعمدة المفتين.

4 – زراعة الأعضاء في ضوء الشريعة الإسلامية، د. يوسف عبد الله القرضاوي، دار الشروق 2010م.

5 – سنن أبي داود.

6 – عون المعبود شرح سنن أبي داود.

7 – الفروق– أنوار البروق في أنواء الفروق.

8 – القواعد الفقهية وتطبيقاتها في المذاهب الأربعة.

9 – لجنة علماء برئاسة نظام الدين البلخي، الفتاوى الهندية، ط: دار الفكر. ط: الثانية، 1310 هـ.

10 – المسند الصحيح المختصر بنقل العدل عن العدل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم. ومسلم بن الحجاج أبو الحسن القشيري النيسابوري ( ت: 261 هـ )

11 – المغني، أبو محمد موفق الدين عبد الله بن أحمد بن محمد بن قدامة الجماعيلي المقدسي ثم الدمشقي الحنبلي...( ت: 620 هـ )

12 – مغني المحتاج إلى معرفة معاني ألفاظ المنهاج، شمس الدين، محمد بن أحمد الخطيب الشربيني الشافعي ( ت 977 هـ )

13 – الموافقات، إبراهيم بن موسي بن محمد اللخمي الغرناطي الشهير بالشاطبي ( ت: 790 هـ )

14 – مجلس مجمع الفقه الإسلامي المنعقد في دورة مؤتمره الرابع بجدة في المملكة العربية السعدية.


---

كىتابى (1 \ 602).



# دارۇل ئىمان ئاكادېمىيىسى

ئاكادېمىيىمىز ئۇستاز مەھمۇد داموللامىنىڭ باشچىلىقىدا، مەرىپەتپەرۋەر بايلىرىمىزنىڭ ماددى جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىشى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەن ئۇستازلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ۋە ئىلىم سۆيەر خەلقىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن، 2014 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە - ئورگانلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، رەسمى ئوقۇش باشلىغان ئىدۇق. ئاكادېمىيىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە دىنى ئىشلار مىنىستىرلىگى زەيتىن بۇرنۇ مۇفتىلىكىگە تەۋە - ئىمان دىيارى قۇرئان كۇرسى، (ئوغۇل - قىزلار) ۋە تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى زەيتىن بۇرنۇ مائارىپ ئىدارىسىغا تەۋە - ئىستىقبال مەكتىپى قاتارلىق ئىككى ئورۇندا تەلىم تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بارماقتا،

ئاكادېمىيىمىزنىڭ بەش قەۋەتلىكتىن ئىككى ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىناسى بار، ھەر بىنادا بىر مەسجىد، ۋە بىنالارنىڭ ھەر بىر قەۋىتىدە ئۈچتىن سىنىپ بار. ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن رۇخسەت بېرىلگەن ئۈچ قەۋەتلىك، 50 ئوقۇغۇچى سىغدىغان ياتاق بىناسى، يېقىندا پۈتۈپ ئىشقا كېرىشتۇرۇلدى. ئۇندىن باشقا يېتىم - يېسىر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلىسى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ئورۇندا (قىز - ئوغۇللار ئايرىم) ياتاق ئورۇنلاشتۇرغان.

## ئىمان دىيارى قۇرئان كۇرسى

ئىمان دىيارى قۇرئان كۇرسىمىزدا يېرىم كۈن، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ئەتىگەن ئاخشاملىرى ھەرياشتىكى ئۆسمۈرلەرگە قۇرئان ئۆگىتىش خىزمىتى بېرىلمەكتە. قۇرئان كۇرسىمىزدا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپلىرى بىلەن، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپلىرى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئەر - ئۇستاز ئوقۇتقۇچىلار، قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئايال ئۇستاز - ئوقۇتقۇچىلار دەرس بېرىپ كەلمەكتە.

قۇرئان كۇرسىمىزدا قۇرئان ئوقۇشنى بېشىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە، قائىدە - نۇرانىيە دەرسلىكى ئاساس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى راۋان ھەم توغرا ئوقۇشنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىمىز.

تەجۋىد (تەجۋىد نەزەرىيىسى ۋە ئەمىلىيىتى) سىنىپلىرىدا تەجۋىد قائىدىسى بويىچە قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش، ۋە قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ئاساستا يادقا ئالدۇرۇش، قۇرئان ئۆگىتىش ئېجازىتىگە (پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com



ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان قىرائەت ئىلمى ئىجازىتىگە) ئېرىشكەن ئوغۇل- قىز قارىلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقىش، ماقام ئىلمى(قۇرئان كەرىمنى گۈزەل ئوقۇش) ۋە ئوغۇللار30 پارا قۇرئاننى بىر كۈندە (بىرلا ۋاقىتتا) تىڭشىتىش، قىزلار 15 پارە قۇرئاننى بىر كۈندە ( بىرلا ۋاقىتتا ) تىڭشىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، تۈركىيە دىنى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قارىلىق شاھادەتنامە ئېلىش ئىمتىھانلىرىغا قاتناشتۇرۇش، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەر خىل قىرائەت مۇسابىقىلىرىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

قۇرئان كۇرسىمىزدا ھازىرغا قەدەر قۇرئان كەرىمنى يادلاش بۇيىچە ئوقۇغانلارنىڭ سانى 138 نەپەر بولۇپ، ئۆلچەملىك يادىلاپ لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ سانى، ئوغۇل- قىز بولۇپ جەمى 50نەپەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان قىرائەت ئىلمى ئىجازەتنامىسى ئالغانلارنىڭ سانى تۆت نەپەر بولۇپ، 13 نەپەر ئوقۇغۇچىمىز بۇ ئىلىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان ئىجازەتنامە ئىلىش بويىچە) تەربىيەلەنمەكتە.

تۈركىيە دىنى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئېلىنغان قارىيلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ شاھادەتنامە ئالغانلارنىڭ سانى 18 نەپەر.

قائىدە نۇرانىيە سىنىپلىرى 34 قېتىم ئېچىلغان بولۇپ 460 نەپەر ئوقۇغۇچى لاياقەتلىك بولۇپ يېتىشتى. تىلاۋەت سىنىپلىرىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 340 نەپەر.

## ئىستىقبال مەكتىپى

مەكتىپىمىز ئىسلامى دەرسلەر بۆلۈمى، ۋە چەتئەل تىللىرى دەرسلىرى بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن.

ئىسلامى دەرسلەر ئۈچۈن بەش يىللىق پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈلگەن بولۇپ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن باشقا ھەر كۈنلىكى 8 سائەت موقىم دەرس ئۆتۈلىدۇ.ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر:-كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ۋە سىنتاكس(نەھۋى- سەرف) فىقھى ئىلمى(ئىسلام شەرئىتى) ھەدىس (ئۇلۇمۇل ھەدىس) تەفسىر، تەفسىر شۇناسلىق ئىلمى، بالاغەت ئىلمى، مەنتىق (لوگىكا) قاتارلىق دەرسلەرنى ئالى مەلۇماتلىق ئۇستازلار ئۆتىدۇ.

تۇنجى تۈركۈمدىكى بەش يىللىق ئىسلامى(شەرئى) دەرسلەر بۇيىچە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان،تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىمىز 2018 -يىلى 8 -ئاينىڭ 12-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاكادېمىيمىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا تەقدىرلەندى، ۋە ئۇلارغا دىپلوم تارقىتىپ بېرىلدى.

## چەتئەل تىللىرى

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ، ئۇچۇر-ئالاقە ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى دەۋردە، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىش ناھايىتىمۇ مۇھىم، شۇنداقلا بىزگە ئوخشاش سەرسانچىلىق، ۋەتەنسىزلىك، مۇساپىرچىلىقتا مەھكۇم بولغان مىللەتكە، ياشاۋاتقان دۆلەت تىلى، ۋە باشقا خەلقئارادا كۆپ قوللىنىلىدىغان تىللارنى ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ئىستىقبال مەكتىپىمىز ئىسلامى بىلىملەر بۇيىچە تەربىيەلەش بىلەن بىرگە مەخسۇس چەتئەل تىللىرى بۇيىچە تەربىلەشنى بىرلىكتە قانات يايدۇرغان.

چەتئەل تىللىرى بۇيىچە تەربىيەلەش

قىسمىمىزدا ئەرەب تىلى، تۈرك تىلى ئىنگلىز تىلى، ئۇيغۇر (ئانا تىل) تىللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈن، يېرىم كۈن، ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى، ھەرياشتىكى تىل ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىقلار بويىچە سىنىپلار تەسىس قىلىنغان، ئالى مەلۇماتلىق، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. مەكتىپىمىزدە ئوقۇپ لاياقەتلىك بولغانلارغا دىپلوم تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

ھازىرغا قەدەر ئىستىقبال مەكتىپىمىزدە 210 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەرەب تىلى، 190 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىنگلىزتىلى، 155 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر تىلى، 295 نەپەرئوقۇغۇچى تۈرك تىلى سىنىپلىرىدا ئوقۇپ تەربىيەلەندى.

## نىشان-غايە

دىنىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يارامىلىق ئىز باسارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش مەكتىپىمىزنىڭ ئۇلۇغ غايىسى.

غايىمىز ئۇلۇغۋار-مەنزىلىمىز يىراق-شارائىتىمىزناچار، ۋاقتىمىز قىس، ئەمما رەببىمىزنىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىمىز كامىل، خەلقىمىزنىڭ ئىلھامى بىزگە كۈچ-قۇۋۋەتتۇر. مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيەلەپ بىلىملىك، ئەخلاقلىق، جەمئىيەت ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىدىغان ئاتا-ئانىسىنى سۆيىدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىيالايدىغان، ئاۋانگارت ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچىمىزنى سەرپ قىلىمىز.

مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەتەنسىزلىك-ماكانسىزلىقتىن ئىبارەت بۇ مۇسىبەت، قەدەم-قەدەمدە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزنىڭ سۈرئىتىنى تىزگىنلەپ تۇرماقتا، مەيلى ئوقۇغۇچى بولسۇن مەيلى ئوقۇتقۇچى بولسۇن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. ۋەزىيىمىز ئىنتايىن ئېغىر، يولىمىز مۇشكۇل بولسىمۇ رەببىمىز ئاللاھنىڭ پەزلى-ئىنايىتى بىلەن خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرماقتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ھەربىر ئەر ۋە ئايال مۇسۇلماننىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى پەرزدۇر) دېگەن ھەدىسى ھەر بىرمۇسۇلماننىڭ بۆشۈكتىن لەھەد(گۆر) گىچە بىلىم ئۆگىنىشىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى ئالىم-مەرھۇم ئابدىقادىر داموللامنىڭ (ئاۋام-خەلقنىڭ خار ۋە زەبۇنلۇققا مۇپتىلا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتۇر) دېگەن تەلىماتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋېپ، ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا بەل باغلىدۇق.

ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كۈچ چىقىرىشى، خەلقىمىزنىڭ ئىلھام-مەدەت بېرىشى بىلەن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى چىقىرىمىز.

رەببىمىز ئۇلۇغ ئاللاھدىن ئىشلىرىمىزغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# پەرزەنت تەربىيىسى

مۇھەممەد ئەلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم 66 ـ سۈرىنىڭ 6 ـ ئايىتىدە شۇنداق ئەيتىدۇ: ـ ﴿ ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ بۇ ئايەتتىن پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىگە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.

پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىپتىخارى، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش ھەر بىر ئاتا ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ئارزۇسى، ئەمما ئاتا ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىلەشتە قوللىنىدىغان ئۇسۇللىرى ھەرخىل، ياخشى ـ توغرا بولغان ئۇسۇلنى قوللانمىغاندا ئارزۇ قىلغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە نەتىجە چىقىشى مۇمكىن. مەن بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

«ھەر بىر بوۋاق تۇغۇلۇشىدا دىن ـ ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ،(يەنى ئىنسان تەبىئىتىدە ئۆز رەببىنى تونۇيدىغان تۇغما سۈپەت بولىدۇ) ئەمما ئاتا ـ ئان تەربىسىدە يا يەھۇدى يا ناسارا ياكى بۇددىس بولۇپ يېتىشىدۇ»

بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلۋېلىشىمىز مۇمكىنكى ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلەر تەربىسىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.بىز بۇ يەردە ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيلەشكە دائىر بەزى نوقتىلاردا توختىلىمىز

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى تەربىلەپ چىقىشىمىز ئاسان ئەمەس، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ ماددى شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس، بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھى جەھەتتىكى بېسىمىمىز قاتتىق ئېغىر بولۇپلا قالماي، ئوماق پەرزەنتلىرىمىزنىڭ يۈكمۇ بەك ئېغىر. چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە يات بىر مۇھىتتا ياشاۋاتىدۇ، ئۆگىنىدىغان دەرسلىرى ناھايىتى كۆپ، ئانا تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋېلىپ بولالماي تۇرۇپ يات بىر تىلدا تەلىم ئېلىشقا مەجبۇر قالماقتا. قۇرئان ۋە دىنى ـ تەلىم ئالمىسا تېخى

بولمايدۇ، ئەھۋالىمىز شۇنداق. ئەمما بىز ئاتا- ئانىلار زىممىمىزدىكى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى، بۇ ئامانەتنى ياخشى ئاسراپ- قوغدىشىمىز، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە پەننى بىلىملەردە ئۇتۇق قازىنىشى ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىساق ئاللاھقا ۋە ئۆزىمىزگە ھەم مىللىتىمىزگە يۈز كېلەلەيمىز.

تۈركىيە باشلانغۇچ مائارىپىدا ئاساسەن يېرىم كۈن تەخمىنەن 6 سائەت ئوقۇيدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەركۈنلۈك 12 سائەت ۋاقتى ئۇخلاش ئارام ئېلىشقا كەتسە، قالغان 12 سائەتنىڭ 4 سائىتىدە مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكرارلىسا، 4 سائەت ۋاقتىنى تاماق ۋە ئويۇن ئويناشقا سەرپ ئەتسە، قالغان 4 سائەت ۋاقىتتا دىنى تەلىم تەربىيەگە ئاجرىتىشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ ئۆسمۈرلەرگە بىراز ئېغىر كېلىشى مۇمكىن، بىراق بىز باشقىلارغا ئوخشىمايمىز، يۇرت ماكانىمىزنى باشقىلارغا تارقۇزۇپ، سەرگەردانلىق- سۈرەۈنلۈككە مەھكۇم بولغان مىللەتبىز، باشقىلار 8 سائەت ئىشلىسە بىز 10 سائەت ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ جاپانى تارتماي ئامالىمىز يوق، باشقا تاللاش يولىمىزمۇ يوق. كېلەچىكىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان پەرزەنتلىرىمىزمۇ جاپا تارتىۋاتىدۇ، ئۇلار ئويۇن- تاماشاغا ئاز، ئۆگىنىشكە كۆپ ۋاقىت چىقىرىشى لازىم. ئۆگىنىشتە يەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ مېڭىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىشى كېرەك. ئانا تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئائىلىسىدە چوقۇم ئانا تىلدا پاراڭلىشىشى لازىم، ئاتا- ئانىلارنىڭ بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولىشى شەرت. مەكتەپتە تۈركچە، ئائىلىدە ئانا تىلدا سۆزلىشىش ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم بېسىم- قىيىنچىلىقلارنى توغدۇرىشى تەبىئى، پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز ئانا تىلىدا- ئۆز مىللى ئۆرپ- ئادەتلىرىنى تونىغان ھالدا تەربىيەلەش بەكمۇ مۇھىم. ئالدىمىزدا ھەممىدىن مۇھىم بولغان بىر نوقتا بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنى تونۇيدىغان دىنىنى توغرا چۈشەنگەن، ھەممىدە باشقىلارغا توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان، مىللەت ۋە جەمىيەتكە يارامىلىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈشتۇر. بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان قەرزىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز. باللارغا ئىماننى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى تونۇتۇشنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاش كېرەك. بىزنىڭ ماۋزۇيىمىز ئوقۇش يېشىدىكى باللار ھەققىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نوقتىدا كۆپ توختالمايمىز

پەرزەنتلىرىمىزنىڭ دىنى تەلىم تەربىيىسىنى ئائىلىلەردە ئۆزىمىز ئېلىپ بارساقمۇ ياكى مەكتەپ مەدرەسە - كۇرسلاردا تەربىيەلىسەكمۇ بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك كۈنلىكى 4 سائەت، پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغاندا 2 سائەت دىنى تەلىم بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. پەرزەنتلىرىمىز ئومۇمەن 7 يېشىدا مەكتەپكە بارىدۇ، بىز مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، دىنى تەلىم تەربىيەنى چىڭ تۇتىشىمىز پىلانلىق ھالدا تەربىيىلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قىزىقىشى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، زېھنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇۋۋىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىمىز لازىم. دىنىمىز تەلىم تەربىيىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مەيلى دىنى ئىلىم مەيلى پەننى ئىلىم مەيلى شەرئى ئىلىم مەيلى تەبىئەت ئىلمى بولسۇن ھەممە ئىلىمگە ئوخشاشلا جىددى قارايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر(ئەر ئايال)مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەن ھەدىسى يېتەرلىكدۇر.

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە دىن دۈشمەنلىرى، ئىسلامنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش

ئۈچۈن بارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋەسۋەسىلىك شۇم پىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ قەلبىمىزدىن دىن ـ ديانەتنى، قۇرئان ۋە شەرىئەتنى، ئەقىدە ۋە قىممەت قارىشىمىزنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تولۇق مۇستەملىكە ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي تىرىشىۋاتىدۇ. ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسى بولغان بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىمىز تولىمۇ خەتەرلىك. ۋەتىنىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىز قېرىلماقتا، يوقىلىشقا مەجبۇر قىلىنماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى قۇرغۇچىلىرى ـ ساھىپلىرى بولغان پەرزەنت ـ لىرىمىزنى قۇرئان، تەۋھىد، ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە شەرىئەت ئىلمى ۋە تۈرلۈك ئىلغار پەننى بىلىملەر بىلەن قۇراللاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە ۋەتىنىگە ئىگە چىقالايدىغان، ۋەتىنىنى ئازات قىلىشنى بۇرچۇم ۋە مەجبۇرىيىتىم دەپ بارلىقىنى بېغىشلىيالايدىغان ئەۋلات يېتىشتۈرۈشىمىز بىزنىڭ گەردىنىمىزگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بىزگە مۇقەددەس كىتابى ـ قۇرئان كەرىمنى بېرىپ بىزنى شەرەپلىك ئۈممەت قىلدى، قۇرئان ئىلىملەرنىڭ مەنبەئى، شەرىئىتىمىزنىڭ ئاساسى دۇنيا ئاخىرەتلىك سائادەتكە باشلايدىغان نۇرلۇق چىراق. پەرزەنتلىرىمىزگە دىنى تەلىمنى قۇرئاندىن باشلايمىز ئەلبەتتە. پەرزەنتلىرىمىز ئەڭ كىچىككەندە 10ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن قۇرئاننى ئۆلچەملىك تېز ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. شۇنداقلا ناماز قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى، ئىسلامى ئەدەپ ئەخلاق... قاتارلىق ئىلىملاردىن خەۋەردار بولىشى لازىم. ئەگەر پەرزەنتىمىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرۇپ كالامۇللاھنى ھىپزى قىلىشنى ئارزۇ قىلساق، سەككىز يىللىق پىلان تۈزۈپ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش بىلەن بىرگە، قۇرئاننى يادلاپ بولىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز مۇمكىن. بىر ئوقۇغۇچى ھەر ھەپتە 5 كۈن بويىچە ھەر كۈنلىكى 1\4 بەت (بىر سەھىپىنىڭ تۆرتتەن بىرى) قۇرئاننى يادقا ئالسا 80 كۈندە بىر پارا يادلاپ بولىدۇ. بىر يىلدا 4 پارا يادلاپ پىششىق تەكرارلىيالايدۇ، مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا 8 يىلدا ھەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ھەمدە قۇرئاننى تولۇق يادلاپ، بىر كۈندە( بىر ئولتۇرۇشتا) 30 پارا قۇرئاننى ئوقۇپ تىڭشىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قارىتا پىلان تۈزسىمۇ بولىدۇ. ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نېئمەت ، بۇ نېئمەتنىڭ قەدرىگە يېتەيلى.




تەييارلىغۇچى :( ئاۋاز نۇر مۇھەممەد)[1]

مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەن، مۇكەممەل شەرىئەتنى ئاتا قىلغان، شەرەپلىك ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد-سالام يوللايمەن. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى، مەغفىرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى-بەيتىگە، ساھابىلىرىگە ۋە سالىھ مۇئمىنلەرگە بولغاي.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ، جەھەننەمنىڭ قەھرىگە (ئەڭ ئاستىغا) چۈشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار جەھەننەمنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[2] دېگەن.

مۇناپىقلار توغرىسىدا كەلگەن بايانلارنى مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە ئۇچرىتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، نىفاق ۋە مۇناپىقلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىش ھەرىكەتلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان.

نىفاق (مۇناپىقلىق) كەلىمىسى يالمانتاق «نافقاء اليربوع» (يوشۇرۇنۇشى ئىنتايىن تېز بىر خىل كىچىك ھايۋان، يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن ئۇۋىسىنىڭ تۆشۈكىدىن باشقا يەنە بىر تۆشۈك ئېچىپ قويىدۇ) نىڭ تۆشۈكى دېگەن لۇغەتتىن كەلگەن. ئىستىلاھدىكى مەنىسى: ئىككى يۈزلىمچى، تىلى باشقا دىلى باشقا...دېگەن بولىدۇ. شەرىئەتتە: كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان ئەمما قەلبىدە (ئېتىقادىدا) كۇپرىلىق بولغان ئادەمنى مۇناپىق دەپ ئاتايدۇ.

مۇناپىقلىق (چوڭ مۇناپىقلىق) ۋە (كىچىك مۇناپىقلىق) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەگەر نىپاق ئېتىقاتتا بولسا، يەنى ئىنسان قەلبىدە كۇپرىنى يوشۇرۇپ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، ۋە قىيامەتكە، تەقدىرگە ئىمان ئەيتماي، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولىۋالغانلار چوڭ مۇناپىقلاردۇر-كاپىرلاردۇر. ئەگەر نىپاق ئىتىقاتتا بولماي پەقەت ئىش-ھەرىكەتلىرى مۇناپىقلاردەك بولسا بۇ كىچىك مۇناپىقلىقتۇر. مۇناپىقانە ھەرىكەتلىرىنى تەرك ئېتىپ تەۋبە قىلسا

1- بۇ ئەرەبچە يېزىلغان تەتقىقات ماقالە بولۇپ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى

2- سۈرە نىسا 145 -ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

## مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرى

1 ـ ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. يەنى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چىقارغان ھۆكۈم، ئۇلارنىڭ پايدا مەنپەئەتىگە تاقاشسا، ياكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىسا، ئۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى تاغۇتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار تاغۇتنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾[1] دەپ، مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قائىل بولماي تاغۇتنىڭ ھۆكمىنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە كۆرە، مەدىنىدە بىر يەھۇدىي بىلەن مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان بىر مۇناپىق مەلۇم بىر ئىشتا دەۋالىشىپ قالىدۇ. يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. يەھۇدىي ئۆلىماسى كەئىب ئىبنى ئەشرەپكە ھۆكۈم چىقارغۇزۇشنى ئويلاۋاتقان مۇناپىق، بىردىنلا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارسام، مەن مۇسۇلمانلار سېپىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن، يەھۇدىينىڭ پايدىسىغا ئەمەس، مېنىڭ پايدامغا كېسىم چىقىرىپ بېرىدۇ» دەپ ئويلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادىللىق بىلەن يەھۇدىينىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرىدۇ. بۇ ھۆكۈمگە نارازى بولغان مۇناپىق دەۋانى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەن ئۆمەر ئۆيىدىن قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغاننىڭ جازاسى مانا» دەپ مۇناپىقنىڭ گەردىنىگە ئۇرىدۇ. يۇقىرىقى ئايەتتە سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلىك مۇشۇدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر (ئەلفارۇق) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى دەپ تەرىپلەنگەن.

2 ـ ئارىدا قالىدۇ ـ خۇددى خامېلىيون رەڭگىنى ئۆزگەرتكەنندەك، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يەنى يا مۇسۇلمانلار تەرەپتە ياكى كاپىرلار تەرەپتە تۇرمايدۇ. ئۇلار ئەبۇ جەھلدەك كاپىرلىقنى ئوچۇق ئاشكارىلىمايدۇ. خۇددى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيدەك مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا بولغاندا ئىماننى دەۋا قىلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى، كاپىرلار بىلەن بىللە بولغاندا، ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولغاندا نەتىجە - غەلىبىنىڭ قايسى تەرەپكە بولىدىغانلىقىغا قارايدۇ، قايسى تەرەپ غالىب كەلسە شۇ تەرەپكە ئاغىدۇ.

1- سۈرە نىسا 60، -61ئايەت

ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەرگە ھادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىيمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەردىن غالىب بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆمىنلەردىن ساقلىمىدىقمۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ، ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ. مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس (يەنى مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)، كىمنى ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئىكەن(يەنى ئۆزلىرىنىڭ خاتا يولغا كىرىۋالغانلىقلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئازغۇنلۇقىدا تاشلىۋەتكەن بولسا)، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن﴾[1] دېگەن.

3 - ئىسلاھاتنى دەۋا قىلىدۇ. مۇناپىقلار

1- سۈرە نىسا 141، 142، 143 -ئايەت

يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە - پاسات تېرىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئارىنى تۈزەۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ئۇلار نەپسى - خاھىشىنىڭ ئالدام خالتىسىغا غەرق بولغانلاردۇر. ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېسابلاپ تۇرۇپ شەرىئەتنىڭ ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتىن قاچىدۇ. گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىدا چېپىپلا يۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ شۇنداق ئەيىتىدۇ: ﴿ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ﴾[2] .

## نىفاقنىڭ سۈپەتلىرى

1 - خوشامەتچىلىك - بېقىندىچىلىق قىلىش:

- مۇناپىقلار ئۆز غورۇرىنىڭ دەپسەندە بولىشىدىن قەتئىينەزەر كىمدە، قايسى تەرەپتە مەنپەئەت بولسا شۇ تەرەپكە خوشامەت قىلىدۇ، شۇ تەرەپكە يېقىنلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ سۈرە نىسانىڭ 71 - 72 - 73 - ئايەتلىرىدە شۇنداق ئېيتىدۇ: - ﴿ئى مۆئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم-تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار. شۈبھىسىزكى ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار(يەنى مۇناپىقلار)

2- سۈرە بەقەرە 11، 12 -ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت ( مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنچىلىق ) كەلسە، (ئۇ مۇناپىق) «ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم. ( بىللە بولغان بولسام ئۆلتۈرۈلگەن بولار ئىدىم) دەيدۇ. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ( يەنى غەلىبە ۋە غەنىمەت) يەتسە گويا سىلەر بىلەن ئۇنىڭ (مۇناپىقنىڭ) ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتىكدەك، «كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ( يەنى غەنىمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم» دەيدۇ﴾

1 ـ رىياكارلىق ـ قەلبىدە كۇپرى ـ زالالەتنى يوشۇرۇپ، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولىۋالىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆزىنى بوياپ پايدىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. قىلغان ئەمەل ئىبادەتلىرىنى ھورۇنلۇق بىلەن باشقىلارغا كۆرسۈتۈش ئۈچۈنلا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئەمەس پەقەت ئۆزىنىلا ئالدايدىغانلىقى، دۇنيادا خارلىققا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ: ﴿شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ، ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خوش ياقمىغان ھالدا تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى ) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[1] دېگەن.

## نىفاقنىڭ سەۋەب ـ ئامىللىرى

مۇناپىقلىق ـ كاپىرلىقتۇر، كۇپرىنى يوشۇرىدۇ. دوكتور ئابدۇلئەزىز بىن ئابدۇللاھ ئەلھۇمەيدى، مۇناپىقلار نېمە سەۋەبتىن ئېتىقادىدىكى كۇپرىنى يوشۇرۇپ، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولىۋالىدۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سەۋەبنى بايان قىلغان:

1 ـ كۇپرىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئىسلامنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن.

2 ـ ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈن .

3 ـ ئىسلام ھۆكىمىتى بىلەن قارشىلىشىشقا ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىقادىنى يوشۇرىدۇ.

## مۇناپىقنىڭ ھەدەپ ـ نىشانى

1 ـ ماددىي پايدا مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، قەلبىدىكى ئېتىقادىنى يوشۇرىدۇ.

2 ـ مەنىۋى جەھەتتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار توپلۇمىغا قوشۇلىۋالىدۇ.

3 ـ ئەمىر ياكى ھاكىملىق مەنسەپلىرىگە چىقىش ئۈچۈن ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارا قىلمايدۇ.

4 ـ ماللىرى ۋە جانلىرىنىڭ ئەمىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىدۇ.

5 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە ـ پاسات ۋە بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، پۇرسەت كۈتۈپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئىسلام بىلەن كۇپرى ئارىسىدا

---

1- سۈرە نىسا ـ142ئايەت

ئۇرۇش قوزغاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى 16 سۈرىدە 36 قېتىم نىفاق ۋە بۇ سۆزنىڭ باشقا شەكىللىرىنى تىلغا ئالغان. ھەممە مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى بايان قىلغان. ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى خەۋەر قىلغان. رەسۇلۇللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئۇلاردىن ھوشيار تۇرۇشقا بۇيرۇغان. ۋە ئۇلارنىڭ كاپىرلاردىنمۇ خەتەرلىك، زىيىنىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئېچىنىشلىق ھالىنى بايان قىلىپ سۈرە ھەدىدنىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ ئايەتلىرىدە شۇنداق ئېيتىدۇ:ـ

«ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆئمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ»

«ئۇلار مۆئمىنلەرنى: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۆئمىنلەر: «شۇنداق، لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن ئۆزۈڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆئمىنلەرگە بالايى ـ ئاپەتلەر كېلىشىنى كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن) شەكلەندىڭلار، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قوروق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى، تاكى سىلەرگە ئۆلۈم يېقىنلاشتى، شەيتان سىلەرنى ئاللاھنىڭ (ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى) بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ.»

«بۈگۈن سىلەردىن ۋە كاپىرلاردىن فىدىيە ئېلىنمايدۇ، جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمە دېگەن يامان جاي!»

قۇرئان كەرىمدە مۇناپىقلار ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ، ھەم تەپسىلى بايان قىلىنغان. بىز بۇ ئايەتلەردىن مۇناپىقلارنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. ئەمما قۇرئاندا سۆزلىنىۋاتقان مۇناپىق توغرىسىدىكى ئايەتلەرنىڭ خۇددى بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك، ئۇ ئايەتلەرنىڭ پەقەت ئابدۇللاھ ئىبن ئۇبەي قاتارلىق مۇناپىقلارغىلا مۇناسىۋىتى باردەك ھېسسىيات بىلەن ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ ئۆتۈپ كېتىمىز. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئەھۋال. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك جەننەتتىن بىشارەت بېرىلگەن ۋە فارۇق (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) دەپ سۈپەتلەنگەن ئۇلۇغ ساھابە بولغان مۇشۇنداق بىر زاتمۇ ئۆزىدە مۇناپىقلىق ئالامەتلىرىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالماي، رەسۇلۇللاھنىڭ سىرداشى ھۇزەيفە يامامدىن «مەندە مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى بارمۇ» دەپ سورىغان، ھۇزەيفە: يوق دېگەندىن كېيىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغان. چۈنكى ھۇزەيفىگە رەسۇلۇللاھ كىملەرنىڭ مۇناپىقلار ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ ئىچىمىزدە نىفاقنىڭ (مۇناپىقلىق) ئالامەتلىرىدىن قورقىدىغانلىرىمىزدىن قانچىمىز بار...؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ئامانەتكە خىيانەت قىلىش» مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى دېگەن. بۇ ھەدىسنى بىلمەيدىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغان مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. ئەمما يالغان سۆزلەۋاتقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمىغاندا، قايسىمىز مۇناپىقتەك ئىش قىلىپ قالدىمىغۇ دەپ ئۆزىمىزنى تەنقىتلىيەلەيمىز؟ غەيۋەتنى راسا قىلىپ «سۆپىتى» دەپ ئۆزىمىزنى ئالدايمىز. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «با گەپنى يوق يەردە دېسەڭ غەيۋەت، يوق گەپنى دېسەڭ تۆھمەت» دېگەن ھەدىسى قانچىمىزنىڭ ئېسىگە كېلەر ھە ؟! يالغان سۆزلەش، يالغان قەسەم قىلىش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ئاچچىقلانغاندا يامان سۆز قىلىش، ھاقارەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرمەسلىك ۋە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلار نەتىجىسىدە ئادەم ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىگە قېتىلىپ كېتىشى مۇمكىن. مەدىنىدە ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر بۆلۈك ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلار بولغان، ئۇرۇشقا چاقىرىلغاندا دەسلەپتە يالغان گەپ قىلىپ ئۇرۇشتىن قاچقان، كېيىن يالغانچىلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قەسەم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا مۇناپىقلار سۈپىتىگە قېتىلىپ كەتكەن. ھەر بىر مۇسۇلمان نىفاقنىڭ ئەمەللىرىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلىرىنىڭ بىكارغا كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇناپىقلىققا ئېلىپ بارىدىغان گەپ - سۆز ئىش ھەرىكەتلەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئاللاھ بارچىمىزگە مۇناپىق ۋە مۇناپىقلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىش ھەرىكەتلەرنى پەرق ئەتكىدەك ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلغاي.

كۆز دۇنيادىكى ھەر نەرسىنى كۆرىدۇ، ئەمما كۆزگە كىرىپ كەتكەن قىل چاغلىق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.

ھاياتلىقنىڭ لەززىتى سىنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىڭدا ئەمەس، بەلكى سەندىن قانچە كىشىنىڭ خۇشال بولغانلىقىدا.

مۆئمىنىنىڭ خۇشال (بولىدىغان) كۈنى، ئۇنىڭ گۇناھ - مەئسىيەت ئۆتكۈزمىگەن كۈنىدۇر.

دوستۇڭنىڭ خاتالىقىنى قۇمغا ياز، ياخشىلىقىنى تاشقا.

- خاتانى تەكرارلىماسلىق، ۋە قىلغان ئىشىدىن مەغرۇرلانماسلىق - تەقۋادارلىقنىڭ نىشانىدۇر.

مۇھتاجلىقتا سېخى بولۇش، ئاچچىقلانغاندا ھەق سۆزلەش، غەزەپلەنگەندە كەچۈرۈۋېتىش - مۆئمىنىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدۇر.

مال - دۇنيا توپىغا ئوخشايدۇ، توپا قەدەم ئاستىدا تۇرۇر، ئەگەر ئېلىۋالساڭ بېشىڭغا گويا ئۇ قەبرەڭ بولۇر.

ھاياتلىقتا ئىككى خىل تاللاش بار، كەچۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقنى ئۇنۇتۇش، ئۇنۇتۇلمايدىغانلىقنى كەچۈرۈۋېتىش.

(ئەمەلسىز) دېڭىزچە ئىلىمدىن، ئالقانچە ئەمەللىك ئەۋزەلدۇر.



# ياخشى ئۇممەت بىز

مۇھەممەد ئەلى

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ

﴿«ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى!» سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر[1]﴾

ئاللاھ تائالا مۇقەددەس كىتابى - قۇرئان كەرىمدە بىزنى ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ ماختىدى. بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشىشىمىزنىڭ سەۋەبى كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن دەپ قەيت قىلدى. بۇنىڭدىن ئاخىرقى پەيغەمبەر ئۇممىتى بولغان بىزمۇسۇلمانلار، ۋەزىپىمىزنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالايمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە، توپلانغان يۈز يىگىرمە مىڭ ساھابىلارغا سۆزلىگەن نۇتقىدىنمۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇشنىڭ، ھەر بىر مۆمىن - مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ نۇتۇقىنىڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكىنى نەقىل قىلىشنى توغرا تاپتىم.

يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىشىلەر توپلانغان ۋىدالىشىش ھەججىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە خىتاپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر جۈملە سۆزىنى ئوڭ تەرىپىدىكىلەرگە قاراپ بىر، ئۇدۇلدىكىلەرگە قاراپ بىر، ۋە سول تەرىپىدىكىلەرگە قاراپ بىر قېتىمدىن ئوچۇق تەلەپپۇزدا تەكرارلايتى. ئۇ زامانلاردا ئاۋاز ياڭراتقۇ (مىكروفون) يوق، پەقەت مەلۇم ئارىلىقتىكى ساھابىلار،ئۆزىدىن يىراقتىكى ساھابىلارغا يۇقىرى ئاۋازدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك سۆزىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، بارلىق كىشىلەرگە ئاڭلىتاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاخىرقى نۇتقى بۇ جۈملىلەردىن ئىبارەت ئىدى « ئى ئىنسانلار! مۆمىنلەر ئۆز- ئارا قېرىنداشلاردۇر. ھەر قانداق بىر كىشىگە باشقا بىرىنىڭ مېلىنى ئۇنىڭ رۇخسەتسىز ئېلىۋېلىشى ھالال ئەمەس، مېنىڭدىن كېيىن ئۆز - ئارا قىرغىنچىلىق قىلماڭلار! مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۈننىتىنى قالدۇردۇم. قۇرئان ۋە

1- سۈرە ئالى ئىمران 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com



سۈننەتكە مەھكەم يېپىشقانلار(ئەگەشكۈچىلار،) ئى ئىنسانلار پەرۋەردىگارىڭلار بىر ئاللاھدۇر، ھەر بىرىڭلار ئادەم ئەۋلادى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا مەرتىۋىلىك ھىساپلىنىسىلەر،ھېچ بىر ئەرەب (ئورۇن ۋە مەرتىۋە جەھەتتىن) باشقا بىر مىللەتتىن ئارتۇق ئەمەستۇر، باشقا مىللەتمۇ ئەرەبتىن ئارتۇق ئەمەستۇر... رەسۇلۇللاھ ھەر بىر جۈملە سۆزنى دەپ بولۇپ ئى خالايىق يەتكۈزدۈممۇ؟ !!! دەپ خىتاپ قىلاتتى، ساھابىلار بىردەك -شۇنداق ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ھەق (ئامانەت) نى يەتكۈزدۈڭ دەپ تولايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ « ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن » دېدى. ئاندىن ساھابىلارغا قاراپ «ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن!» دەپ خىتابىنى ئاخىرلاشتۇردى، بۇ گويا رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەتتىن ئىبارەت بۈيۈك ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىدىن ئۈممەتلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەنلىكىنىڭ (تاپشۇرغانلىقىنىڭ) ئىپادىسى ئىدى. ئاللاھ بىزنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىگە ئۈممەت قىلىپ، ئىسلام دىنىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزىدىغان ئىز باسارلاردىن قىلدى. بۇ بىز ئۈچۈن بىر شەرەپتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئۇ زاتتىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىنسانلارغا دىنىنى يەتكۈزۈش پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىز باسارى بولمىش بىزلەرنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلارلا ياخشى ئۈممەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتنى مۇسلىمە (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان بەنى ئىسرائىل قەۋمى» گە ئارقىمۇ-ئارقا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا ئورۇن باسار پەيغەمبەر سابىق پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، دىنىنى يەتكۈزۈش،تەبلىغ -دەۋەت قىلىش پەيغەنبەر ۋە ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئالىملىرىنىڭلا ۋەزىپىسى بولغان، ئەمما بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئەڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەر بىر ئۈممەتى موھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، يەر يۈزىدە ئىلاھى قانۇن بىلەن ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىمىز بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تەلىم بېرىپ «مەندىن بىر جۈملە سۆز بولسىمۇ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان، بۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئەقەللىسى بىر جۈملە سۆز بولسىمۇ باشقىلارنى ھەققە دەۋەت قىلىش، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، ۋە ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇش مەجبۇرىيىتى بار، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە، دەۋەت قىلغۇچى دەۋەت قىلىۋاتقان ياخشى ئىشنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىشى، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى، باشلامچى بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا قىلىنغان دەۋەتتىن ياخشى نەتىجە چىقماستىن يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقى تولىمۇ يۇقىرىدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبىن مەسئۇد نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ھەدىس بايان قىلغان، «بەنى ئىسرائىل

قەۋمىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى (يەنى بىرەر كىشىنىڭ سەھۋەنلىكىنى، خاتالاشقانلىقىنى) كۆرسە: «بۇ ئىشىڭ خاتادۇر، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس!» دەپ نەسىھەت قىلىپ توساتتى، كېيىن ئۇچراشقان ۋاقتىدا نەسىھەت قىلىنغۇچىنىڭ شۇ گۇناھ - خاتا ئىشنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قوپاتتى، تاماقتا بىللە بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر بىرىگە مايىل قىلدى (يەنى ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ دېگەندەك نەسىھەت قىلغۇچىغا ئۇنىڭ يامان خۇي - پېئىلى يۇققان، شۇنىڭ بىلەن يامان ئىشنىمۇ بىللە قىلىدىغان بولغان[1]» بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئەقىللىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز يىغىنچاقلاپ (يامانغا يولۇقساڭ بالاسى - قازانغا يولۇقساڭ «قاراسى» ) دەپ ئۆزى قىسقا ئەمما مەنىسى چوڭقۇر ئەقلىيە سۆزى بىلەن چۈشەندۈرگەن.

ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە ئىنتايىن گۈزەل شەكىلدە ۋەز - تەبلىغ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، بۇ يولدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىق - توسالغۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىمدۇر، بىراۋنى بىرەر يامان ئىشتىن توسقان ئادەم قارشىلىققا، ھاقارەتكە ھەتتاكى تەھدىتكە ئۇچرىشى مۇمكىن، چۈنكى پەيغەمبەرلەرمۇ توسقۇنلۇققا ھەتتاكى ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچرىغان، بۇ شۇنداق مۈشكۈل يول بولغانلىقى ئۈچۈن دەئۋەتچى مۇجاھىدقا ئوخشىتىلغان.

بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان يەنە بىر چوڭ كەمچىلىك: قارشىمىزدىكى كىشىنىڭ ئاسى - گۇناھكار، ئەسكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلمايمىز تەنقىتلىمەيمىز، ئۇنىڭ گۆرى باشقا مېنىڭ باشقا ۋە ياكى ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ دېگەندەك قۇرۇق سەپسەتىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىمىزگە سەل قارايمىز، بەلكى كۆرگەندە خۇشامەت قىلىپ ئالدىن سالام بېرىدىغان كەينىدە سۆكىدىغان مۇناپىقانە ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس، بۇنداق قىلىش قەتئىي خاتادۇر. ئۇلارنى يامان ئىشتىن توسۇشىمىز، ئىمكانىيەتياربەرمىسە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشىمىز لازىم، ئىمان بىزدىن مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسماسلىق، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ياۋاشنى بوزەك قىلىپ ياماندىن قورقىدىغان، زالىمغا يانتاياق بولىدىغان كەيپىيات شەكىللىنىدۇ دە ھەق - ناھەق ئاستى ئۈستۈن بولىدۇ، جەمئىيەت ئومۇمى جەھەتتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتىدۇ. بۇ ناھايىتىمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار كېرەك! زالىمنىڭ - خاتالاشقۇچىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بولسىمۇ(مەجبۇرى ھالدا) خاتا ئىشىدىن ياندۇرۇشۇڭلار ھەق

1- تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان رىيازۇسسالىھىندا 74 - نومۇرلۇق ھەدىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرەپكە تارتىشقىلار كېرەك ! ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئاللاھ سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلارنى ئۆز ئارا مايىللاشتۇرۇپ قويىدۇ ئاخىرىدا خۇددى ئىلگىرىكى قەۋملەرگە لەنەت قىلغاندەك، سىلەرگىمۇ لەنەت قىلىدۇ [1]»

بۇ ھەدىستە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ يامانلىقتىن توسۇشتا بارلىق ئىمتىيازنى ئىشقا سېلىشنىڭ زورۇرلىكى، توسۇشقا سەل قارىغاندا ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ـ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

ۋەز ـ تەبلىغ قىلىش ۋە ئاگاھلاش مۇسۇلمانىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، يامان ئىشتىن توسۇپ ياخشى ئىشقا بۇيرۇش ئاللاھنىڭ پەرزلىرى ـ مەرھەمىتى ـ ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچى، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسلىنىپ دەۋەت قىلىش ئاللاھ يولىدا جىھات قىلغانغا ئوخشاش، دەۋەتنى ئۆزىمىز ـ ئائىلە ئەزالىرىمىز ـ يېقىن دوس بۇرادەرلىرىمىز ئارا ئومۇملاشتۇرساق جەمئىيىتىمىز تۈزۈلىدۇ، بىزنى ئۈلگە قىلىپ ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسىدىغان، بىر بۆلۈك جامائەت بارلىققا كېلىدۇ، ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىمىز ئىسلاھ قىلىنىپ ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە رەھمىتىگە لايىق ياخشى مۆمىن ـ مۇسۇلمانلاردىن بولالايمىز.

﴿ ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغىچە ئاللاھ ئۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىنى تۈزەپ قويمايدۇ ﴾ دېگەن ئايەتنى كەرىمنى بىلمەيدىغىنىمىز بولمىسا كېرەك. ئامال ـ چارىسىز قالغان، ياشاش ئىمكانىيىتىمىز قالمايۋاتقان شۇنداقلا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىزدەك بىر مىللەتكە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش ناھايىتىمۇ زۆرۈلدۇر. ئاۋال ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز بەكمۇ مۇھىم.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە «ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇش» دەپ ئەمرى بىلەن نەھيىنى يانمۇ يان كەلتۈردى بۇ ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى زامانىمىزدىكى ئاز بىر قىسىم دەۋەتچىلەر ياخشى ئىشقا بۇيرۇشنى ئاساس قىلىپ، يامان ئىشتىن توسۇشقا سەل قارايدۇ، ياخشى ئىش ئومۇملاشسا يامان ئىش ئۆزلىكىدىن تۈگەيدۇ دەپ چۈشىنىش، ئاللاھنىڭ يۇقارقى ھۆكمىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىندۇر. بەزىلىرىمىز يامان ئىشتىن توسقاندا دەۋەت ـ تەبلىغ ۋەز نەسىھەتنىڭ بازار تاپالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىساق كېرەك، چۈنكى زامانىمىزدا ئاز بىر قىسىم پۇلتاپقان كىشىلەرنىڭ مەسچىت ۋە مەھەللە ئاقساقاللىرى بولۇۋېلىپ، موللا ـ ئالىملارغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ سېخىيلىق قىلىشلىرى، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ، بەزى سۆزلەرنى قىلالماي پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كەلمەيدىغان ئۆزى ئاسان تەننەرقى تۆۋەن ساۋابى يۇقىرى ئاتالمىش نەپلە تۈرىدىكى زىكىر تەسبىھ ۋە دۈشەنبە پەيشەنبە روزىسى قاتارلىق ئىبادەتلەرنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ، ئاساسى نىشاندىن چەتنەپ كىشىلەرنىڭ دىنى چۈشەنچىسىنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ قويغان.

1- تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد دىن رىۋايەت قىلىنغان

ئىمام بەيهەقى جابىر دىن رىۋايەت قىلغان بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شۇنداق دېگەن:ئاللاه تائالا جىبرائىل ئەلەيهىسسالامغا «پالانى پالانى شەهەرنى خەلقى بىلەن يەرگە كۆمتۈرگىن يەنى (يەرگە يۇتقۇزىۋەت) » دەپ ئەمرى قىلدى، جىبرائىل ئەلەيهىسسالام : ئى رەببىم ئۇ شەهەردە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ۋاقىتمۇ گۇنا - مەسىيەت ئۆتكۈزمىگەن بەندەڭ بارغۇ دەپ ئىلتىجا قىلدى، ئاللاه «زېمىننى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاندىن باشقىلىرىنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈر! چۈنكى ئۇنىڭ يۈزى مەن ئۈچۈن بىرەر سائەت مۇ ئاچچىقتىن قىزىرىپ باقمىدى» دېدى (يەنى ئاللاهنىڭ دىنى مەسخىرە قىلىنىۋاتقان، گۇنا مەئسىيەت ئەج ئالغان، زۇلۇم - سىتەم ئومۇملاشقان بىر پەيتتە، كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنى يامان ئىشتىن توسماي ئۆز ئىبادىتى بىلەنلا مەشغۇل بولغان زاهىدنى دېمەكچى)

هەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن گۇنا مەسىيەت ئەۋج ئالغان، ئاللاهنىڭ دىنى - شەرئى ئەهكاملىرى ئىجرا قىلىنمىغان، زۇلۇم ئاشقان بىر جەمئىيەتتە باشقىلارنىڭ گۇنا قىلمىشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇلارنى توسماستىن، توسالمىغانلىقىغا ئاچچىقلىنىپ قىزارماستىن، كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت، زىكرى - تەسبىه بىلەن مەشغۇل بولغان بىر ئابىتنىڭمۇ ئاللاهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمىغىنى ئېنىلغان بولۇپ ئەمرى - مەرۇپ نەهى ئەنىل مۇنكەرنىڭ ناهايىتى زورۇرلىكى قەيت قىلىنغان

قارشى تەرەپ قوبۇل قىلسۇن - قىلمىسۇن مەيدانىمىز روشەن هالدا ياخشىلىقنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، يامان ئىشتىن توسۇشىمىز كېرەك. دەئىۋەت - تەبلىغ قىلغاندا قۇرئان سۈننەتكە ئاساسلىنىشىمىز، قارشىمىزدىكى كىشى چۈشۈنەلىگىدەك ئاددى ۋە گۈزەل سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز، ۋاقىت شارائىتقا دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئەجىر - مۇكاپاتنى پەقەت ئاللاهدىن ئۈمىت قىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

قۇرئان كەرىمدە ئەمرۇ - مەرۇپ نەهى مۇنكەر كەلگەن ئايەتلەردىن كېيىنلا، يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەبرى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق شەكلىدە ئايەتلەركەلگەن. ياخشى ئىشقا بۇيرۇش قارشى ئېلىنىشى (يەنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇلسا قارشى تەرەپ خالىسۇن - خالىمىسۇن هە دەپ قويۇشى) ئەمما يامان ئىشتىن توسۇش قارشىلىققا ئۇچرىشى مۇقەررەر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا سەبرىگە تەۋسىيە قىلىنغان، بىز چوقۇم قۇرئان سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشىمىز، بۇ جەرياندا يولۇققان مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشىمىز لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئۈممەت دېگەن نامىمىزغا لايىق مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن بولالايمىز. ئاللاه هەممىمىزنى كىتاب - سۈننەتكە ئەگىشىپ ياخشى ئۈممەتلەردىن بولۇشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلغاي.

www.uyghurkitap.com





ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئويغىنىش ۋە دىنىي گۈللىنىشنىڭ ھارماس تۇلپارى

# كېرەم قارىم

ئابدۇلئەھەد ئۇيغۇر

كېرەم قارىم 1955 ـ يىلى كۇچار ناھىيە كونا شەھەر ساقساق مەھەللىسىدە، تۇماقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابدۇۋەلى ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

كېرەم قارىمنىڭ تولۇق ئىسمى :ئابدۇلكەرىم ئابدۇلۋەلى، دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلۋەلى، ئانىسىنىڭ ئىسمى مەرەمنىساخان. لېكىن خەلق ئىچىدە كېرەم قارىم دەپ ئاتىلىپ مەشھۇر بولغانلىقى، ئۈچۈن بۇ قىسقىچە تەرجىمە ھالدىمۇ كېرەم قارىم دەپ داۋاملاشتۇرىمەن.

كېرەم قارىمنىڭ باللىق چاغلىرى مەھەللىسىدىكى ئۆلىمالاردا، دىنىي بىلىم ئېلىش، ھەمدە كوممۇنىستلارنىڭ ئاتىزىم ئارقىلىق ئىنسانلارنى، بولۇپمۇ كىچىك باللارنى زەھەرلىشى ئۈچۈن تەسىس قىلغان، كۇچارناھىيە 1 ـ باشلانغۇچ ۋە1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن.

كوممۇنىستلار پەننى مەكتەپلەردە بارلىق ھىلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىشقا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشقا جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇنغان شۇ زامانلاردا، مۇسۇلمان ئائىلىسىدە چوڭ بولۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن، ساغلام ئەقىدىلىك كېرەم قارىمنىڭ نەزىرىدە، كوممۇنىست ئىدىيىسى ئىنسانىيەتنى زەھەرلەپ ساختىپەزلىككە، يالغانچىلىققا، شۇنداقلا جىنايەتكە باشلايدىغان بىر سەپسەتە ئىدى خالاس. چۈنكى كوممۇنىستلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ھەرقانچە پەردازلاپ چۈشەندۈرۈپمۇ يالغۇز كېرەم قارىمنىلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى، بۇ سەپسەتەلەرگە ھەرگىزمۇ ئىشەندۈرەلمەيتى، ئەمما ئۇلار ئىچىدىن كېرەم قارىمدەك پۈتۈن ھاياتىنى بۇدۇنيانىڭ جەھەننىمى بولغان خىتاي كوممۇنىست فاشىست ـ جاللاتلىرىنىڭ ئىنسان بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان زۇلۇم زىندانلىرىدا ئۆتكۈزۈپمۇ، ئادەمنىڭ كوممۇنىستلار ئېيتقاندەك مايمۇندىن ئەمەس، ئاللاھ تائالا تۇپراقتىن ياراتقان پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋا ئانىمىزدىن تۆرىلىپ كۆپەيگەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلاپ، تەۋرەنمەي تۇرالايدىغان چىدامىلىق قەھرىمانلارنى ئاز ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. كېرەم قارىمدەك ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى، ئاتېئىستلارنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ياشلارنىلا ئەمەس، دىنى،تىلى، ئۆرپ ئادەتلىرى بىزگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان

خىتايلار ئىچىدىكى، نازارەتچى خىتاي جىنايەتچىلەردىن، بەزى ھەقىقەت تۇيغۇسى بولغانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان چىن ئىمان- ئىشەنچى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن تەسىرلەندۈرەلەيدىغانلار كۆپ ئەمەس ئەلۋەتتە.

كېرەم قارىم كوممۇنىستلارنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن 1970- يىللىرى چىقىپ ئائىلىسىنىڭ ئاتا مىراس كەسپى بولغان تۇماقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچ، كۇچادىكى مەشھۇر دىنى ئالىم سېيىدىققاراجىم، ئابلىكىم داموللام، بارات داموللاملاردا، ھەمدە يېڭىشەھەر مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھامۇت مەۋلىۋى داموللاجىم (1898- 1991) دا ۋە ئابدۇلكەرىم داموللام قاتارلىق ئۆلىمالاردا ئىلمى سەرپ (مورفولوگىيە ئىلمى) ئىلمى نەھۋى (گىراماتىكا ئىلمى) ئوقۇغان ۋە چاڭگا يېزىسىغا چىقىپ بارات داموللامدا ئىلمى مەنتىق ئوقۇغان، شۇ ۋاقىتتا ئەسلى يۇرتى كۇچارنىڭ چاڭگا يېزىسىدىن بولغان ساۋاقدىشى كېرەم زىياپ بىلەن تونۇشقان.

كېرەم قارىم دىنى بىلىم ئۆگىنىۋاتقان مەزگىللەردە، بىر ئىجتىمائىي جىنايەت بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ، تارىم تۈرمىسىدە ئۇزۇن يىل سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن بىللە قامالغان بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ، ئۇ كىشى تۈرمىدە بىر رۇسىيە جاسۇسى بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى، ئۇجاسۇسنىڭ جاسۇسلۇق قىلىشتىكى ھىلە-نەيرەڭلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ: مەن دەيدۇ جاسۇس ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋەزىپە بىلەن كەلگىنىمدە، شەرقى تۈركىستاننىڭ شەھەرلىرىدە باشقا شېرىكلىرىمىز بىلەن چىنە- قاچا ساتىدىغان نىشانلىق دۇكاندىلا ئۇچرىشاتتۇق، بىز ئۇچرىشىدىغان چىنە- قاچا دۇكىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چىنە بولۇپ، باشقا ئۇيغۇرلار بۇ قاچىنى ئاساسەن سېتىۋالمايتتى، شۇ چىنە دەل بىزنىڭ ئۆز- ئارا ئالاقە قىلىدىغان بەلگىمىز ئىدى، بىز دۇكاندارغا شۇ چىنىنى سېتىۋالدىغانلىقىمىز ھەققىدىكى بەلگە سۆزىنى ئېيتساقلا دۇكاندار بىزنىڭ ئۆز ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، مەن كەلگەندە قەشقەر شەھىرىدىكى مەلۇم بىر جامىنىڭ ئىمامى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ ئورۇن ئالمىشىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. چۈنكى ئۇ ئىماممۇ بىزنىڭ شېرىكىمىز بولۇپ جامىنىڭ ئىمامى نامىدا رۇسىيەگە جاسۇسلۇق قىلاتتى، ئۇ مېنى جامائەتكە تونۇشتۇرۇپ بۇ كىشى يەكەندىن، مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ كۆپ ئوقۇغان ئالىم، مەن ياشىنىپ قالدىم، بۇ ئوغلۇم مېنىڭ ئورنۇمدا سىلەرگە ئىمام بولسۇن، مەن يۇرتۇمغا قايتاي دەپ مېنى ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزى باشقا يەرگە كەتتى، مەن مەسجىدگە ئىماملىق قىلىش نامى بىلەن بىرنەچچە يىل جاسۇسلۇق قىلدىم، چۈنكى ئۇيغۇرلار موللا- ئۆلىمالارنى بەك ھۆرمەت قىلغاچقا ئازراق دىنى بىلىمى بار كىشىلەر بولسا ئۇ كىم؟ نەدىن كەلدى؟ دەپ سۈرۈشتە قىلمايلا ئىشىنەتتى، شۇڭا بىز ئاساسەن موللا- ئالىم سىياقىدا يۈرۈپ جاسۇسلۇق قىلاتتۇق، ئەگەر بىرىمىز ئۆز ئورنىمىزدىن يۆتكىلىپ كېتىپ باشقا بىرىمىز كەلمەكچى بولساق كونىمىز، يېڭى كەلگىنىمىزنى ۋاي بۇ ئۇنداق موللا- بۇنداق ئالىم دەپ بىرمەزگىل ماختىغاندىن كېيىن، جامائەت مېنىڭ بىر ئىشىم چىقىپ قالدى مېنىڭ ئورنۇمغا بۇ دوستۇم ئىمام بولسۇن بۇمەندىن ئالىم، مەندىن تەقۋا دەپ ماختىساقلا، بىر توپ جامائەت ھېچ سۈرۈشتە قىلمايلا گېپىمىزگە ئىشىنىپ يېڭى ئىمامنى قوبۇل قىلاتتى، شۇنداق قىلىپ بىز ئىشىمىزنى ئاسانلا داۋام قىلاتتۇق، مەن ئىماملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ھېيتگاھ جامىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەتراپىدا كىتاب ساتىدىغان دۇكانلارنى ئارىلاپ چىقىپ، ھەنەپى مەزھىپىنىڭ ئىمام بولغۇچىلارنىڭ نەسەب كېلىپ چىقىشى ۋە تېگى- تەكتىنى سۈرۈشتە قىلىش ھەققىدە يېزىلغان بىر دىنى كىتابنى(پىقھى كەيدانى دېگەن كىتابنى) ئۇچرىتىپ، شۇ زامان ئۇنى سېتىۋېلىپ كۆيدۈرۋەتتىم،چۈنكى جامائەتنىڭ بىرەرسى ئۇ كىتابنى ئوقۇپ، مېنىڭ تېگى- تەكتىمنى سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، مېنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىش خەۋپىم بار ئىدى، مەن سىگنال يوللاش ئاپپاراتىمنى مېھرابنىڭ ئاستىغا كولانغان بىر ئورۇندا ساقلايتتىم، بۇرۇنقى ئىمامىمۇ شۇ ئورۇندا ساقلايدىكەن،ئەگەر مېنى خىتايلار بىلىپ قالمىغان بولسا ھېلىھەم جامىگە ئىماملىق قىلىپ يۈرۈۋېرەتتىم، مېنى بەربىر خىتايلار ئېتىۋېتىدۇ، شۇڭا ساڭا بۇسۆزلەرنى ئېيتتىم، سەن تۈرمىدىن چىقساڭ خەلقىڭگە بۇلارنى سۆزلەپ بەرگىن، ئۇيغۇر خەلقى بەك ساددا ئىكەن، دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىرىنى كېرەم قارىمغا يەتكۈزگەن ئىكەن، كېرەم قارىم ساۋاقداشلىرىغا بۇ ئىبرەتلىك قىسسىنى دائىم سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۆز- ئارا ئارىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلاتتى.

خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرىنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىشتىن باشقىنى ئۆگەتمەيدىغان سەپسەتە ماكانى بولغان باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 10 يىلغا يېقىن ئوقۇپمۇ ئاللاھقا بولغان ئىمان- ئىشەنچىسىدىن ئازراقمۇ چېكىنمىگەن بۇ قەيسەر يىگىت، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مەھەللىسىدىكى ئۆلىما ئۇستازلىرىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەزى ئۇستازلىرى خالاپ كەتمىسمۇ[1] 1985 - يىلى 6- ئايدا ھېمىت تالىپ[2] قاتارلىق بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە يۇرت ئاتلاپ قاغىلىق ناھىيەسىگە بېرىپ، ئۇزۇن يىل تۈرمىدە يېتىپ نۇرغۇن يىل زۇلۇم تارتىپ تۈرمىدىن سالامەت چىققان ئۇلۇغ ئالىم، سىياسىييون ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم(1993 - 1925) دا دىنى ۋە سىياسىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، ۋە شۇمۇناسىۋەت بىلەن ساۋاقداشلىرى ۋە جانجىگەر دوستلىرى بولغان ھەسەن مەخسۇم،ئابدۇقادىر ياپچان ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئىلغار پىكىردىكى تالىپلار بىلەن تونۇشۇش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ھازىر ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت- مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ نەچچە ئون يىللاپ مەدرىسىنى بېقىپ يېتىش ئەمەس، ئۆگەنگەنلىرى بىلەن ئۆز خەلقىگە ئەمەلى خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، دەرس ئارىلىقلىرىدا ئەۋۋەل قاغىلىقتا، پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ شىمال ۋە جەنۇپلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان تالىپلارغا ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىنى تونۇتىدىغان تەۋھىد قىسمىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆز يۇرتلىرىدا نەچچە ئون يىللاپ ئوقۇپمۇ ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشۈنەلمىگەن تالىپلارنىڭ تەۋھىد ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

---

1-چۈنكى شەرقى تۈركىستاندىكى بىرقىسىم دىنى ئۆلىمالار ئۆزلىرى ئوقۇتقان تالىپلارنىڭ باشقا ئۆلىمالاردا ئوقۇشىنى ئاشكارا ئەيىپلىسە بەزەنلىرى ھەرخىل تاپا تەنىلەر ئارقىلىق بۇ ئىشقا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

2-ھېمىت تالىپ كۈچارلىق بولۇپ كېرەم قارىمنىڭ يېقىن دوستى ۋە ساۋاقدېشى ئىدى بۇجەڭگىۋار جاسارەتلىك ئەزىمەت 1990 - يىلى كېرەم قارىمغا ياردەملىشىپ «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسىنى قۇرغان ۋە شايار ناھىيەسىنىڭ توي بولدى يېزىسىدىن پۇل يۆتكەۋاتقان خىتاي كونۇنىست فاشىستلىرىنىڭ بانكا ماشىنىسىنى توسۇپ 580 مىڭ يۈەن خىتاي پۇلىنى غەنىمەت ئېلىش ئىشىغا قوماندانلىق قىلغان ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇپ ۋە شىماللىرىدا خىتاي كوممۇنىست فاشىستلىرىغا قارشى پارتىلىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.بۇ قەھرىمان ئەزىمەت 1993 – يىلى خىتاي كونۇنىست پاشىستلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ 1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ30 - كۈنى ئىدرىسخان، خېلىل ئالتۇن ،مۇھەممەد ئىمىن ، ئابدۇۋۇللاغازى قاتارلىقلار بىلەن خىتاي كونۇنىست پاشىست لىرى تەرىپىدىن مىلتىقبىلەن ئېتىپ شەھىد قىلىنغان،ئوبۇلقاسىم يۈسۈپ بۇ ئەزىمەت ئۆزى قامالغان قاماقخانىدا 1994 -يىلى كامىرداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىست جاللاتلىرىغا قارشى ھەرىكەت قوزغاپ خىتاي كونۇنىست پاشىست لىرى تەرىپىدىن شۇ كامىر ئىچىدە مىلتىق بىلەن ئېتىپ شەھىت قىلىنغان.

ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆگەنگەن دىنى بىلىملىرى ئارقىلىق ھەقىقى پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرىغا خاس ساپاغا ئىگە قىلىشقا، ھەمدە ئىسلامغا ھەقىقى خىزمەت قىلىش، ئىسلام ئۈچۈن جان پىدا قىلىش، ھەتتاكى بۇ يولدا قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تېرىشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئوقۇۋاتقان قاغىلىق ناھىيەسى ۋە پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇپ ۋە شىماللىرىغا بېرىپ، كەڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرىنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىشتىن باشقىنى ئۆگەتمەيدىغان سەپسەتە ماكانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولغان (ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) ناملىق مەكتەپلەرگىچە بېرىپ، ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ ھەرگىزمۇ باشقىلارنى دوراش بىلەن ئەمەس،ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىر تەڭداشسىز كۈچ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى،ئەنە شۇ زاتنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلار ئىبادەت قىلىشقا،چوقۇنۇشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ يالغانچى كاززاپ كوممۇنىستلارنىڭ سەپسەتىسىدە سۆزلەنگىنىدەك تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى ئەمەسلىكىنى، كوممۇنىستلار بولسا دۇنيادىكى ئەڭ كاززاپ يالغانچى مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى تونۇتقان ، ئۇلارنى كوممۇنىستلار نامىدىن ئوقۇتۇش باھانىسىدە قايمۇقتۇرۇۋاتقان، زەھەرلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «نامازئوقۇش-ئىشى يوقنىڭ ئىشى»، «روزا تۇتۇش-ئېشى يوقنىڭ ئىشى» دەپ ئاساسسىز بىلجىرلايدىغان شەيتان ياردەمچىلىرىنىڭ داسكىلارغا بىر ئادەم شەكلىنى سىزىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئاللاھنىڭ قولى بارمۇ دەپ سوئال قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى يوق دېگۈزۈپ قولىنى ئۆچۈرۈپ، ئاللاھنىڭ پۈتى بارمۇ دەپ سوئال قويۇپ ئوقۇغۇچىلارنى يوق دېگۈزۈپ پۈتىنى ئۆچۈرۈپ، ئاخىرى دوسكىدا ھېچنەرسە قالمىغاندىن كېيىن مانا ئەمەسمۇ! ئاللاھ دېگەن بىر شەيئى يوق(ئاللاھ ساقلىسۇن) دەپ ئوقۇغۇچىلارنى دىنسىزلىققا باشلايدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا (يەنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كوممۇنىست پەلسەپىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۇنۋان ئىگىلىرى بولغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن(1933 - 1995) دىن تۆۋىنى پارتىيە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغىچە) ئالەمدىكى شەيئىلەرنى ئۇلۇغ بىرئاللاھنىڭ ياراتقانلىقى، ئۇنىڭ ئاددىي پاكىتىنىڭ ئىنساننىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى، چوڭ پاكىتلىرى بولسا: ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق پاكىتلارنى سۆزلەش ئارقىلىق خۇددى فىرئەۇن سېھرىگەرلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئالدىدا مات بولۇپ بىرئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىدەك،ئۇلارغا كوممۇنىست سەپسەتىسىنىڭ زەھەرلىك ماھىيىتىنى ئىلمى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تەۋبە قىلدۇرۇپ مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا قايتۇرۇپ كەلگەن.

بۇجەرياندا كېرەم قارىم تەشۋىقاتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ۋە كېڭەيتىش مەقسىدىدە، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەشۋىقاتچى تالىپلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزيۇرتلىرىدا خەلققە تەبلىغ - تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرغان،مەسىلەن : قاغىلىقتىن ئىدرىسخان،ئابدىقادىر ئايۇپ، يېڭىساردىن يۈسۈپ قەدىرخان،كۇچاردىن ھېمىتتالىپ، توقسۇدىن ئىلھام مىجىت، پەيزىۋاتتىن ئالىمجان ئابلىز، ھۈسەنجان قارىم، قەشقەردىن خۇشالقارىم قاتارلىقلار، كېرەم قارىم يەنە چەتئەللەردە ئىشلەنگەن تەۋھىدكە دائىر سىنئالغۇ فىلىملىرىدىن «ئوغلۇم ئوسمان»،«ئۆمەرۇل مۇختار» قاتارلىق فىلىملەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە

www.uyghurkitap.com



قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدىكى كىنوخانا ۋە سىنئالغۇ زاللىرىدا قويۇش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كىنو- سىنالغۇ ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىشىگە ياردەمچى بولغان.

كېرەم قارىم بىردىنى تەشۋىقاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنى ئۆلىمالار بىلەنلا ئارىلىشىپلا قالماستىن، شەرقى تۈركىستاننىڭ شىمال ۋە جەنۇپلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان، پەننى بىلىم ئىگىلىرى بولغان ئالىم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، تالانتلىق ئەدىب ئابدۇشكۇر مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى ئۇلار چۈشۈنەلەيدىغان، قوبۇل قىلالايدىغان تىللاردا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق يازغان كىتاب ۋە ماقالىلىرىدا ئىسلامنى مەدھىيەلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشىغا تۈرتكە بولغان.

كېرەم قارىم پەنني مەكتەپتىمۇ ئوقۇپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولغاچقا، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەممە ئادەم چۈشۈنەلەيدىغان تىل بىلەن پاكىت ۋە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان خەلق ئارىسىدا باشقىچە ئويغىنىش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈدۇ، بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ياشلار ئۇنى ئۆزىنىڭ يېتەكچىسى ۋە يولباشچىسى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر- قاراشلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدۇ.

بولۇپمۇ 1988- 1990- يىللىرى ئارىسىدا كېرەم قارىم باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ياشلارنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان دىنى ئىسلاھاتى، مىللىي ئۆرۈپ- ئادەت، ئەدەپ- ئەخلاق جەھەتلەردە نۇرغۇن ياشلارنىڭ تۇيۇق يوللاردىن ئۆزىنى تارتىۋېلىشىغا، ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشۈنۈۋېلىشىغا، ئەيشى- ئىشرەت، كەيپ- ساپادىن قول ئۈزۈشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، دىيارىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ بەزى رايونلىرىدا بولۇپمۇ شىمالىدا، ئاتېست كوممۇنىستلارنىڭ ئازدۇرىشى ،زەھەرلىشى ،ۋە يوشۇرۇن- ئاشكارا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئەۋج ئالدۇرغان، خەلقىمىز نىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىغا يات بولغان توي- تۆكۈنلەردە نەغمە ناۋاقىلىپ قىز- يىگىتلەر قۇچاقلىشىپ ئۇسسۇل- تانسا ئويناش ،ۋە بۇ سورۇنلاردا ھاراق، تاماكىنى ئاشكارا ئىستېمال قىلىشتەك ھاياسىز قىلمىشلارنىڭ يوقۇلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

1990 - يىلى ئاقتۇ ناھىيەسىدە بارىن جىھادىنىڭ پارتلىشى ،ھەمدە قاغىلىقتا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ مەجبۇرى يۇرتلىرىغا قايتۇرىلىشى بىلەن تالىپلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا خەلققە ئىسلامى ،ئەخلاقى جەھەتتىن ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش جەھەتتىن ئېلىپ بارغان تەبلىغ ۋە تەشۋىقاتلىرى تەسىرىدە يەنە بىر بارىن جىھادىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورققان خىتاي كوممۇنىست پاشىستلىرى بۇ ئويغۇنىشنى تالىپلارنىڭ سەركەردىلىرى بولغان كېرەم قارىم ،ئابدۇقادىر ياپچان، ھەسەن مەخسۇم قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بولغان دەپ قاراپ 1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئابدىقادىر ياپچان ۋە ھەسەن مەخسۇمنى خىتاي كوممۇنىست پاشىستلىرى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن، كېرەم قارىم تەشۋىقات ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ۋە ئەمەلى ھەركىتى بىلەن خەلققە خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە 1990 - يىلى 10 - ئايدا شەرقى تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ھەمدە ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ يەنى

11- ئاينىڭ 16- كۈنى خىتاي كوممۇنىست پاشىستلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندى.

كېرەم قارىم بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىنىپ، خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققان دىنى ئالىم ئابدۇكەرىم كۈچا (كەرەم زىياپ) نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، خىتاي كوممۇنىست پاشىستلىرى 1990- يىلى كېرەم قارىم ۋە ئابدىكېرىم كۈچا قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلارنى بىرلا ۋاقىتتا تۇتقۇن قىلغان. ئابدۇكېرىم كۈچارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ساقچى دائىرىلىرى كېرەم قارىمدىن جىنايەت ھېسابلانغۇدەك دەلىل ئىسپات تاپالمىغان بولسىمۇ تۆھمەت بىلەن قارىلاپ جازاغا ھۆكۈم قىلغان.

كېرەم قارىمنىڭ سوت ھۆكۈمنامىسى 2012- يىلى ئۇيغۇر تور بېكەتلەردە تارقىتىلغان. خىتاينىڭ ھۆكۈمنامىسىدە، ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى 1993- يىلى 5- ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن، «ئەكسىل ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇش، قۇترىتقۇلۇققا تەشۋىق قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش جىنايەتلەر بىلەن قارىلاپ 12 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان. 5- ئاينىڭ 21- كۈنى ئۈرۈمچى 1- تۈرمىگە يۆتكىگەن.

كېرەم قارىم ئۈرۈمچىدىكى باجاخو رايوندىكى 1- تۈرمىگە[1] قامالغاندىن كېيىن خىتاي جاللات كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرمىسىدىمۇ ناماز ئوقۇش،روزا تۇتۇش قاتارلىق دىنى ئىبادەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرى باشقا مەھبۇسلارمۇ كېرەم قارىمغا ئەگىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى تۈرمە ئىچىدىكى گۇپپاق[2]قا ئايرىم قاماپ باشقۇرغان بولۇپ، كېرەم قارىمغا مەخسۇس گۇندىپاي ۋە جىنايەتچىلەر ئىچىدىكى كوممۇنىستلارغا سادىق، ئىسلامدىن يىراق دەپ قارالغان 4- 3 جىنايەتچى قارايتتى.

كوممۇنىستلار ھەرقانچە قاتتىق نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ چىڭ تۇتقان بولسىمۇ كېرەم قارىمنىڭ سۇنماس ئىمان- ئىشەنچىسىدىن، ۋە گۈزەل ئىسلامى ئەخلاقىدىن تەسىرلەنگەن بەزى گۇندىپاي ۋە مەھبۇسلار ھە دېسىلا كېرەم قارىمغا يوشۇرۇن ماسلىشىپ ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمە ھوقۇقدارلىرى پات- پات باشقۇرغۇچىلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى.

1997- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غۇلجىدا قوزغالغان 2- فېۋرال ۋەقەسى سەۋەبلىك نۇرغۇنلىغان ياشلار تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرى ئۇلارنى قىسقىغىنە 3 ئاي ئىچىدىلا( باشلامچىلىرى بولغان ئابدۇخېلىل قاتارلىقلارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ شەھىت قىلغان) دىن سىرت 500 يۈزگە يېقىن ياشنى، يۇقىرسىنى 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىش،مۇددەتسىز، مۇددەتلىك ،(يەنى 20 مە يىلدىن 6 ئايغا قەدەر) قاماققا ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى تۈرمىلەرگە تارقاتقان. 1- تۈرمىگىمۇ تەخمىنەن 100 گە يېقىن غۇلجا ياشلىرىنى يۆتكەپ كەلگەنلىك سەۋەبىدىن، بۇرۇن بىرنەچچە ئەترەتتە ئىجتىمائىي مەھبۇسلار غا قېتىپ باشقۇرۇلىۋاتقان سىياسىي مەھبۇسلارنى ئايرىم بىر ئەترەت قىلىپ يىغىپ، 10- ئەترەت دەپ ئىسىم قويۇپ غۇلجىدىن

1- ئۈرۈمچى شەھرى باجاخو رايۇنلۇق -1 تۈرمە بولسا جاللات شىڭشىسەي تەرىپىدىن مەھەتتىن سېلىنغان بولۇپ ئاساسەن سىياسىي ئەسىرلەرقامىلىدىغان بۇ تۈرمە خىتاي كوممۇنىستلىرىغا مىراس قالغاندىن كېينمۇ ئاساسى سىياسىي مەھبۇسلار ۋە ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلار قامالماقتا،بۇتۈرمە 2002 -يىلى يازدا بۇرۇنقى ئورنىدىن 3 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى كونا خۇمداننىڭ ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن شۇچاغدا پېقىر ئابدۇلھەمىد ئۇيغۇرمۇ شۇ 1 - تۈرمىدە تۇتقۇندا ئىدىم.

-2

يۈتكەپ كېلىنگەنلەرنى ئايرىم بىر ئەترەت قىلىپ 7 - ئەترەت دەپ نام بەرگەن.

شۇ سەۋەب بىلەن كېرەم قارىنىمۇ 10 - ئەترەتكە يۆتكەپ كەلگەن، كېرەم قارىم 1 - تۈرمە 10 - ئەترەتتە يىرىم يىلغا يېقىن تۇرغان بولۇپ بارىن جىھادىنىڭ ئەسكىرى قوماندانى جامال قارىم (جامال مەمەت) شەرقى تۈركىستان ھەققانىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچى رەئىسلىرىدىن ئىيسا ئەپەندىم (ئىيسا ھۈسەيىن) ئۆتكۈر ئەپەندىم (ئۆتكۈر ئەمىر) توختى قۇتى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىر كامېردا تۇراتتى، مەن كېرەم قارىم قامالغان كامىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى كامېرغا قامالغان ئىدىم، تاماق ئېلىش، شامالداشقا چىقىش (كامېرنىڭ ئىچىدە ھاجەتخانا بولمىغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە كۈنىگە 4 قېتىم كېيىنچە 3 قېتىم ھاجەتكە چىقىش باھانىسىدە تۈرمە ھويلىسىغا چىقاتتۇق) شۇ جەرياندا ئىشارەت بىلەن سالاملىشاتتۇق، ۋە بەزى ئىچچام نەرسىلەرنى ئالماشتۇراتتۇق، ھەمدە تۈرمە ئىچىدە دۈچ كەلگەن دىنى ۋە سىياسىي مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سورايتتۇق، كېرەم قارىم ۋە شۇ كامېردىكى بىلىملىك يېتەكچىلىرىمىز ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرەتتى، بىزنىڭ بۇ يوشۇرۇن ئالاقىمىزنى ۋە كېرەم قارىم باشلىق رەھبەرلىرىمىزگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى بايقىغان تۈرمە جاللاتلىرى تۈرمىدە بىرەر چوڭ قارشىلىق چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ 1998 - يىلى ئەتىيازدا كېرەم قارىمنى 3 - تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى شۇندىن كېيىن كېرەم قارىمنى قايتا كۆرەلمىدىم.

كېرەم قارىم 3 - تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن ئاندا - ساندا 3 - تۈرمىدىن 1 - تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنگەن مەھبۇسلاردىن كېرەم قارىمنىڭ يەنە ئوخشاشلا بىردىنى رەھبەر، سىياسىي يېتەكچىگە خاس مەيداندا مۇستەھكەم تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ سۆيۈنەتتۇق ۋەسەبرى قىلاتتۇق.

كېرەم قارىم جازا مۇددىتى تۈگەشكە بىر قانچە ئاي قالغاندا يەنى 2002 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزدى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يەنە ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان5 2005[1] - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يەنە باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزدى دېگەن جىنايەت ئارتىپ ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يەنە 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزدى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ 3 - قېتىم يەنە 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. شۇنداق قىلىپ كېرەم قارىمنىڭ جازا مۇددىتى 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 2011 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئۇزارتىلغان.

تەپتىش تۇراجان ھاكىمۇف ئىسىملىك شەخس سوتتا ئەيىبلىگۈچى ئورگانغا ۋاكالىتەن كېرەمقارىمنى 2007 - يىلىدىن 2008 - يىلى 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈرمىدە جازا ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە «كۆپ قېتىم ناماز ئوقۇغان، ئاچلىق ئېلان قىلغان» دەپ، بۇلارنى «تۈرمىنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش» دەپ ھېسابلاپ ئەيىبلىگەن ۋە شۇ ئىشلارنى «جىنايەت ئۆتكۈزگەن» دەپ بېكىتىپ 4 - قېتىم يەنە 3 يىللىق جازاغا ھۆكۈم قىلغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت

مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى پەرھات ئابلەي، تۇرسۇنئاي بارات، مەريەم ئەمەت قاتارلىق سوتچىلارنىڭ تامغىسى بېسىلغان ھۆكۈمنامىدە ئابدۇلكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ جازا مۇددىتى 2009- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 2014- يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە ئۇزارتىلغانلىقى يېزىلغان.

ئاخىرقى قېتىم ناھەق قوشۇلغان ئۇتقۇن قىلىش مۇددىتى توشۇشقا ئاز قالغاندا ۋۇجۇددا دۇنيادىكى بارلىق رەزىللىكلەر مۇجەسسەملەنگەن پەس تەبىئەتلىك ختاي، كېرەم قارىمنىڭ 23 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنيادا يەنە بىر ئوخشىشى بولمىغان زالىم ختاينىڭ تۈرمىسى بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنلەردە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ جازاسىنىڭ يەنە 5- قېتىم 5 يىل ئۇزارتىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

كېرەم قارىم بۇ پەس تەبىئەتلىك نامەرد ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ناھەق يىل قوشۇپ قويۇشتەك ئېغىر زۇلۇمىغا قارشى بىرنەچچە قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئۆز مەنپەئىتىگە توغرا كەلگەندە ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان بۇ نىجىس ختايلار زۇلۇملىرىنى ئازراقمۇ توختاتماستىن داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى كېرەم قارىمدەك بۇ سۇنماس ئىرادىلىك باتۇر، ئەزمەتنىڭ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بۇ ئىسلاھاتچى ئالىم تاجاۋۇزچى جاللات ختايلار تەرىپىدىن 2017- يىلى تۈرمىدە شېھىت قىلىنغان ۋاقتىدا 62 ياشتا ئىدى.

كېرەم قارىم 27 يىللىق تۈرمە ھاياتىدا ئىنسان چىدىغۇسىز زۇلۇم ۋە قىيىن قىستاقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، پەس تەبىئەتلىك نومۇسسىز ختايلارغا بويسۇنمىدى، باش ئەگمىدى، يالۋۇرمىدى، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز تەقدىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، سەبرى قىلىپ مۇستەھكەم تۇرۇپ دۇنيادىن كەتتى[1]. جاللات ختايلار تېنىنى ئازاپلىيالىغان بولسىمۇ روھىنى ئەسلا باش ئەگدۇرەلمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلاپ بىر تېرە- بىر ئۇستىخان بوپ قالغان بولسىمۇ، تۈرمىدىن چىقسا يەنە ئۆزىگە قارشى خەلقنى قوزغىشىدىن قورقۇپ تۈرمىدە شەھىد قىلدى، مەن كېرەم قارىمنىڭ غايىبانە نامىزى ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىركېچە تېرىشىپ بۇ باتۇر رەھبەرگە ئاتاپ تۆۋەندىكى مەرسىيەنى يازغان ئىدىم، ئەپسۇس نامازغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ قوشۇلمىغانلىقىدىن بۇ مەرسىيەنى نامازغا كەلگەن جامائەتكە ئوقۇپ بېرەلمىدىم، مەرسىيە تۆۋەندىكىچە.

1- چۈنكى مەنمۇ ختاي كوممۇنىست فاشىست جاللاتلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدە ئۇزۇن يىل يېتىش جەريانىدا ئاتېىست كوممۇنىستلارنىڭ ھەر يىلى 2 قېتىملىق مەھبۇسلارنىڭ ئىدىيىسىنى سىناش سىناق ئىمتاھانلىرىدا (دۇنيانى كىم ياراتتى «1 -ئاللاھ» «2 -ئەمگەك») دەپ چىقارغان سوئاللىرىغا، كۆپ سانلىق سىياسىي مەھبۇسلار ئاللاھ دەپ يازغان بولسىمۇ بەزى دىنى بىلىمدە خېلى يۇقىرى بىلىملىكلەرنىڭ ئەمگەك دېگەن كاتاكچىگە (√) توغرا بەلگىسى قويغانلىقىنى ئۆزكۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇلارغا قىلغىنىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدىم. لېكىن كېرەم قارىم، ئەمەتقارىم 1 لاردەك نامازنى ئاشكارا روزىنى رامىزاننىڭ ئۆزىدە ئاشكارا تۇتالايدىغانلاردىن مەن بىلىدىغىنىم پەقەت مۇشۇ 2 كىشى ئىدى قالغانلىرىمىز نىڭ كۆپىمىز نامازنى ۋاقتىدا يوشۇرۇن ئوقۇيتتۇق روزىنى رامىزاندا ئازىرقىسمىنى كېلەريىلى رامىزانغىچە قالغان قىسمىنى تۇتاتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مەرسىيە

1
ئەي كېرەم قارىم  ياشىدىڭ گويا مەشئەلدەك نۇرچېچىپ،
توختىماي ئىلگىرلىدىڭ دولقۇن يېرىپ، داۋان  ئېشىپ.
پەس، قانخور،جاللات خىتايدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ قالمىدىڭ،
بىر ئۇيغۇر مۇئمىنلىگىڭنى ئىسپاتلىدىڭ جاندىن كېچىپ.
2
كۆپ تىرىشتىڭ ئۇيغۇرۇمنى غەپلەتتىن ئويغاتماق ئۇچۇن،
بۇ زۇلۇم  -  قۇللۇقتا قارشى خەلقىمنى قوزغاتماق ئۇچۇن.
يانمىدىڭ ئەسلا يولۇڭدىن ياتساڭمۇ  ياۋ  زىندانىدا،
ھەق بىلەن- قۇرئان بىلەن باتىلنى قورقاتماق ئۇچۇن.
3
بولساڭمۇ خىتايغا ئەسىر ھەرگىز ئاڭا باش ئەگمىدىڭ،
تىك تۇرۇپ ئېگىلمىدىڭ قۇللۇقتا سەن تەن بەرمىدىڭ.
يىگىرمە يەتتە يىل ياتتىڭ قانخور خىتاي زىندانىدا،
ھەق بىلىپ باسقان يولۇڭدىن چېكىنمىدىڭ- ۋازكەچمىدىڭ.
4
كۆپ قىيىندى زالىم خىتاي يولۇڭدىن ياندۇرماق ئۇچۇن،
مۇقەددەس ئىسلام دىنىڭدىن،  ئاللاھتىن تاندۇرماق ئۇچۇن.
لېكىن سەن گويا پولاتتەك ماڭغان يولۇڭدىن يانمىدىڭ،
شۇ  ئۇستاز ئەللامىدەك شانلىق ئىز قالدۇرماق ئۇچۇن.
5
غەيرىتىڭ- ساداقىتىڭدىن مات بولدى خىتاي ئاخىرى،
سەندىكى سۇنماس ئىشەنچ - ئىماننى كۆرگەندىن بىرى.
ئاللاھ ئاتا قىلسۇن پۈتۈن  مۇئمىنگە سەندەك چىن ئىمان،
ھەقلىقىمىز دىيىشكە سېنى ئەللامە- ئالىمنىڭ  پىرى.
6
ئاخىرى بولدۇڭ شەھىد ھەقتە- ئىسلامدا چىڭ تۇرۇپ،
چىن ئىمان ساداقىتىڭ تۇرغاچقا ھەردەم جۇش ئۇرۇپ.
غايىبانە نامىزىڭنى قىلماققا جەم  بولدۇق  بۇگۈن،
شۇ جۇدالىق ئايرىلىشتىن ئازابلىنىپ ھەم  قايغۇرۇپ.
7
ئەي ئۇستاز شاھادىتىڭنى قىلسۇن قوبۇل پاك رەببىمىز،
ساڭا ھەقتىن پەردەۋس تىلەپ دۇئا قىلماقتا بىز.
چۈنكى سەن كەتسەڭمۇ بۇ پانى ئالەمدىن كۆز يۇمۇپ،
ئۇنتۇماس ھەرگىز سېنى ئەسلەر دۇئادا  خەلقىمىز.



# سىغىنىش

ئەسما مۇھەممەد

سىم-سىم يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماستىن، كوچا-كويى ئاۋات ئىدى. يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر بىلەن، مەكتەپتىن چىقىۋاتقان بالىلارنىڭ دوقۇرۇشۇپ ئۆز يولىنى تاپالماي قېلىشىۋاتقان، بىر خىل قىستاڭچىلىقتا قىزىقىپ قاراپ قالغان بوۋاي، دەرۋازىدىن چىقىۋاتقان 8 ياش چامىسىدا، ئۆشنىسىگە خىلى ئېغىر مەكتەپ سومكىسىنى ئېسىۋالغان قىزغا قاراپ: قىزىم سۈمەييە! دېگىنىچە ئېتىلىپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى، قىز پەرۋاسىزلا بوۋايغا قاراپ قويۇپ، ئادەملەر توپىدىن ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىدىغان دادىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى...

ئۇزۇن بويلۇق ئورتا ياش بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماشىنىغا چىقىۋاتقان قىز، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بوۋايغا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ قويدى، ماشىنا كۆزدىن يىراقلاشتى، بوۋاي جايىدا قىمىر قىلماستىن تۇراتتى، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە بوۋاينى گاڭگىراتقان، ۋە قاتتىق مەيۈسلەندۈرگەن ئىدى.

بوۋاي ئېسىغا كەلدى، بايا كۆرگەن قىز ئۇنىڭ نەۋرىسى بولماستىن، باشقا بىرىنىڭ قىزىنى نەۋرىسىگە ئوخشىتىپ قالغان ئىدى، بوۋاي قاتتىق ئوڭايسىزلاندى «ئاتمىش ياشقا بارماي تۇرۇپ ئالجىپ قالدىممۇ نېمە؟ يا رەببىم ئەۋلاتلىرىم بىلەن جەم بولغىچە ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ پىچىرلىغىنىچە يولىغا راۋان بولدى.

بوۋاي يولىنى داۋام قىلغاچ نەۋرە قىزىنى ئەسلەشكە باشلىدى، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى، نەۋرەم شۇئان نەدىدۇ؟ كىملەرنىڭ قولىدا قالغاندۇ؟ ئەجەبا مەكتەپكە بېرىۋاتقانمىدۇ؟ كىملەر ئوقۇتىۋاتقاندۇ؟ نېمىلەرنى ئوقۇتىۋاتقاندۇ...؟

ئاجايىپ زامانلار بولدى دېسە، ئەمدىلا تىلى چىققان ئانا تىلىنى راۋان سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئوماق نەۋرە قىزىم، ئۇ يەئجۇجلەرگە ئوخشايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەمدىغاندۇ...؟

كىچىك ۋاقتىمدا ساۋاق بېرىدىغان خەلپىتىم «سەرف» دېگەن كىتابنى يېرىم پارىسچە يېرىم ئەرەبچە تىلدا ئوقۇتاتتى، چۈشۈنەلمەي تولىمۇ قىينىلاتتىم، نېمە ئۈچۈن بىزگە، باشقا بىر تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى يەنە باشقا بىر يات تىلدا ئوقۇتىدىغاندۇ؟ دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە غودۇرايتتىم، ئەمما ئۇ خەلپەتلەرنىڭ چىرايىدىن ئىللىق تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى، بىلەلمىسەم تەكرار دەپ بېرەتتى، قايتا-قايتا تەكرارلىتاتتى، مەن بىلگەنگە قەدەر سەۋرچانلىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈشەندۈرەتتى. «ئالىم ـ موللا بولساڭ دۇنيا ئاخىرەتلىكىڭ ياخشى بولىدۇ، ئاتا ـ ئاناڭ خۇرسەن بولىدۇ، ئاللاھ رازى بولىدۇ...» دەپ چىرايلىق تەربىيە قىلىپ مېنى سۆيۈندۈرەتتى.

بىراق ئۇ قىسىق كۆز، رەڭگىدە قان دىدارى يوق بىزگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان مەخلۇقلار، نەۋرە قىزىم سۈمەييەگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟ ھەي ئىسسىت! بىچارە قىزىمنى «گېپىمنى چۈشەنمىدىڭ» دەپ دۇشكەلىگەنمىدۇ...؟

بوۋاي مۇشۇنداق خىيال سۈرۈپ قاتتىق ئاچچىق يۇتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىدىيۇ، كۆزلىرى ئالدىدا ئاللا ـ قانداق نەرسىلەر ئۇچقاندەك بولۇپ ئوچۇق كۆرەلمەي، يول بويىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. قانچە ۋاقىت ئولتۇرغىنىنى پەرەز قىلالمىغان بوۋاي، شام نامىزىغا چاقىرىلغان ئەزان ئاۋازى بىلەن ئېسىنى يىغىپ، مەسجىت تەرەپكە يول ئالدى.

قۇياش نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تەكشى چاچقان باھاركۈنلىرى، يول بويىدىكى لالە گۈللەر قىپ ـ قىزىل ئوتقاشتەك ئېچىلغان بىركۈن، بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەسچىت ئالدىدىكى باغچىغا كېلىپ ئولتۇردى. باغچىدىكى باللار ئۇچۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان زەنجىرلىك ئىلانگۈچ، ئەگرى ـ بۈگرى رىلىسلىق ئويۇنچۇق پويىز، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشىتىپ ياسالغان مۈكۈ ـ مۈكلەڭ ئوينايدىغان كىچىك ئۆيلەر... ئومىاق باللارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئىدى، باللاربولسا بوۋاي ئانچە چۈشۈنۈپ كېتەلمەيدىغان تىلدا چۇقۇرۇشۇپ ئۆز ئويۇنلىرى بىلەن بەند ئىدى.

چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرىنى باللارغا تىكىپ قاراپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا، نەۋرىلىرىنىڭ سىماسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، بوۋاي دىققىتىنى يىغالمايۋاتاتتى، خىياللىرى تولىمۇ چېچىلاڭغۇ، بۇ يەردە نېمە ئۇچۇن ئولتۇرغىنىنى بىلمەيتى، خۇددى بىر نەرسىسىنى يوقۇتۇپ قويغاندەك سەل جىددىيلەشتى، ئەمما يەنىلا ئۆزىگە كېلەلمىدى. ئۇ ئېسىنى يىغىشقا تىرىشاتتى، لېكىن كەيپىياتى ئىنتايىن تۇراقسىزئىدى.

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم!

ۋەلەيكۇم ئەسسەلام دەپ ھودۇقۇپ جاۋاب بەرگەن بوۋاي، ئالدىدا تۇرغان ئۆزىدىن ئونئەچچە ياش چوڭ، ئارقا كوچا ھەقەمسايىسى ـ ئاق ساقال بوۋايغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يۈز ساقاللىرىنى سىپاشقان بۇ ئىككى بوۋاي قىسقىغىنە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ـ بالا ـ چاقىلىرىڭىزدىن خەۋەر يوق كۆڭلىڭىز يېرىم خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپسىزدە، دەپ گەپ باشلىدى ئاق ساقال بوۋاي.

ـ شۇنداق ھېچ بىر خەۋەر يوق.

ـ ئاللاھ ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! ئارتۇقچە خىياللارنى قىلماڭ، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، زىيادە غەم قايغۇ ئادەمنى تۈگەشتۈرۈپ قويىدۇ، ھەر بىر بەندە پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرىدۇ، بىز ھەر قانداق بىر مۈشكۈللۈكتىن كېيىن، ئاسايىشلىق بولىدۇ دەپ ئاللاھقا سىغىنىمىز. ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ بولسا، ئونبەشى ئايدىڭدۇر.

- ئىنشائاللاھ ئاللاھ ئۆز پەزلى-مەرھەمەتى بىلەن خەلقىمىز ئۈستىدىكى شۇ مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرىۋەتكەي.

- ئامىن! دېگىنىڭىز كەلگەي!

- سالام بېرىپ بوۋاينىڭ خىياللىرىنى بۇزۇۋەتكەن بۇ ئاقساقال كىشى 50-يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە ۋەتىنىمىزدىن ھىجرەت قىلىپ چىققان بولۇپ، كەشمىر-ھىندىستان-ئافغانىستانلاردا سەرگەردانلىقنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئاخىرىدا بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان ئىدى، چاچ-ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان بولسىمۇ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئۇمۇتۋارلىق چىقىپ تۇراتتى. ئاق ساقال بوۋاي گەپ باشلىدى:

- سىز ۋەتەندىكى ۋاقتىڭىزدا نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟

- 16 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، 86-يىلدىن 96-يىلغىچە بىر بۆلۈك مىللەت سۆيەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى خېلى يۈكسەلگەن بولسىمۇ، تۈزۈلگەن پىلان ۋە مەقسەتلىك «ئورۇنلاشتۇرۇش[1]»لارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مىللىي مائارىپىمىز چېكىندى، سانغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، سۈپەت بىلەن ھساپلاشمىدى، پىكىر قىلساق خاتالىشىپ جازالاندۇق. بولالماي خىزمەتنى تاشلاپ سودىگەر بولىۋالدىم.

- بۇ نىجىس كاپىرلارنىڭ نىيىتى ئەزەلدىنلا بۇزۇقتى، دېدى ئاقساقال بوۋاي: ئاتالمىش ئۆلكە ئازاتلىقىدىن (يەنى شەرقى تۈركىستان بېسىۋېلىنغاندىن) كېيىن، ئىجارە كىمەيتىش[2] دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىرىمىزنى پومىچىك، يەنە بىرىمىزنى باي دېھقان ۋە بۇرژىئازىيە دەمدۇ بىلمەيمەن، شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ناملار بىلەن قالپاق كەيدۈرۈپ، پۈتۈن مال مۈلكىمىزنى مۇسادىرە قىلىپ، ئەسكى كىگىز كونا يوتقاندەك كېرەكسىز نەرسىلەرنى بىر قىسىم «كەمبەغەللەر»گە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ، ئالتۇن-كۈمۈشكە ئوخشاش پۇلغا يارايدىغان بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ، مال ئىگىلىرىنى قاماپ-ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان ئۆلىما-ئۇستاز ۋە زىيالىيلارنى تۈرمىلەرگە سولاپ يوقىتىشقا باشلىغان شۇ مۇدھىش زاماندا، ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شۇ قېتىمقى كۆچ-كۆچ توپىغا قېتىلىپ دادام رەھمەتى بىزنى كوھى قاپنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ ھىجرەت قىلىپ چىقىپتىكەن دەپ ئېغىر بىر ئۇھسىندى ئاقساقال بوۋاي.

- مەن ئۇ كۈنلەرنى ئېنىق بىلمەيمەن دەپ گەپ قىستۇردى بوۋاي: دادامنىڭ ئېيتىشىچە شۇ ۋاقىتلاردا ئىچىمىزدىن چىققان بەزى كەمبەغەل-ئاكتىپلار، ئۇ نىجىسلارغا يان تاياق بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ئىكەن. ھەر كۈنى ئاخشاملىرى مەھەللىدىكى زاللاردا (ئىجارە كىمەيتىش دولقۇنى مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ چوڭ ھويلا-ئاراملىرى ۋە مەھەللىنىڭ مەسچىت مەدرىسىلىرىنى تارتىۋېلىپ، يىغىن زالى قىلىپ ئۆزگەرتىۋالغان-ت) ئالىم-ئۇستازلاردىن بىرقانچە كىشىلەرنى، توپلاشقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ كۆرەشكە تارتىدىغان، تىل ئاھانەت قىلىدىغان، ھەتتا ئۇرۇپ دۇمبالايدىغان ئىشلارنى كاپىرلارنىڭ يول يورۇقى بويىچە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۆزلىرى قىلىشىپتىكەن. بىر بۆلۈك ئازغۇن كىشىلەر كاپىرلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە زىت ھالدا، ئەر-ئايال نا

1- شۇ ۋاقىتلاردا مائارىپنى خىتايچىلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەرسلىكلەر خىتايلار تەرىپىدىن مەقسەتلىك تۈزۈلەتتى

2- ئىجارە كېمەيتىش دەپ زېمىن ئىگىلىرىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ ھساۋىغا ئۆتكۈزۈۋالغان.

مەھرەم دىمەستىن، ئاشۇنداق كورەش - يىغىلىشلىرىغا بىمالال قانىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىكەن. خەلقىمىزنىڭ نادان ۋە ساددىلىقى، ۋە ئاز بىرتۇركۇم قىنى بۇزۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ماسلىششى بىلەن، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ كەلگەن ئىبلىسلار ۋەتىنىمىزگە ئاسانلا يەرلىشىپ، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىز ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، سەزدۇرمەستىن خەلقنى قۇل، زىمىننى ئالتۇن قازىدىغان كان قىلىۋالغان ئىكەن....

- ئويلىسام ئوغام ئۆرلەيدۇ دەپ قايناشقا باشلىدى ئاقساقال كىشى: تووۋا دەيمەن! مىللىتىمىز ئۇ مەجۇسلاردىن مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمان - ئېتىقاتلىق، جەسۇر - قىزىققان بىر مىللەت تۇرۇپمۇ ئاشۇنداق پەسكەش - قورقۇنچاق - نۇمۇسسىز بىر مىللەتكە قۇل بولۇپ قالغىنى! تىخى ئۆتمۈشىمىزدىكى تۆمۈر خەلىپە، خوجا نىياز ھاجى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىرى... قاتارلىقلارنىڭ ئاشۇ نىجىسلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ خەلقنىڭ قان كېچىپ كۆرەش قىلىپ، قولغا كەلتۈرگەن ئىنقىلاپ نەتىجىلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىرىنى ئويلىغانسېرى، ئادەمنىڭ جۇدۇنى مىڭ گەز ئورلەيدۇ، ئېشەك جىنىدا بىر پاتقان پاتقاققا قايتا پۇتىنى تىقمايدىكەن،

بىزنىڭ باشلامچىلىرىمىز شۇنچە دۆت بولغىنىمتى دەيمەن! بىرى ئالدانسا ئىككىنچىسى يەنە ئالدانغان نەدە با؟ ئاقساقال كىشى ئاچچىقدىن يىرىلىپ كەتكىدەك جىلە بولۇپ، سۆزنى داۋملاشتۇرالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كۆزلىرىگە قان تولغان، ئاۋازى بوغۇلغان ئىدى.

بوۋاي گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ ئېغىزىغا كەلگەن سۆزلەرنى يۇتىۋەتتى، ئاقساقال بوۋاينىڭ تېخىمۇ قايناپ كېتىپ، سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىشىدىن ئەندىشە قىلغان بوۋاي، ھەسرەتلىك بىر ئۇھسىنىپ، ئۆتمۈشنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. 80 - يىلدىن كېيىنكى بەزى ئىشلار ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېزەتتى، خەلقنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرى بەكمۇ دەھشەتلىك ئىدى، بۇلارنى دېگەنسىرى ئادەمنىڭ قەلبى پۇچۇلىناتتى، ھېلىھەم تارتىۋاتقان كۈلپەت ئازمۇ؟ مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردى، ئاتا - بالا جۇدالىق پىراقى ،غەم - ئەندىشە...

بوۋاي ئۆزىنىڭ ھەم ئاقساقال بوۋاينىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىشنى خالىمىدى بولغاي ،خىيال سۈرۈپ جىم بوپ قالدى...

بىردەملىك سۈكۈتنى بۇزغان ئەزان ئاۋازى قەلبى دەرد - ئەلەمگە تولغان، بۇ ئىككى بوۋاينى مەسجىت تەرەپكە يول ئالدۇردى...

ھاۋامۇ ئۆتۈشمەيدىغان، ئەمما ئاددى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئاستى قات ياتاق ئۆي. ئۆي ئىچى پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى ،تۆت تەڭدىن سەل ئۆتكەن بولۇپ، تاك سۈزۈلۈشكە خىلى زامانلار بار ئىدى، ئۇزۇلۇپ ياتقان بوۋاينىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى، بوۋاي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىۋىلىشقا تىرىشاتتى، ئەمما نېمە ئۈچۈنكى، بۇ كېچە پەقەتلا ئۇخلىيالايدىغاندەك ئەمەس...

يا رەببىم! دەپ ئورنىدىن تۇرغان بوۋاي، ئادەتلەنگەن مەسنۇن[1] دۇئالارنى بىر قۇر ئوقۇغاندىن كېيىن، بىسمىللاھ

1- رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان دۇئالار

دەپ تاھارەت ئېلىشقا تەرەددۇت قىلدى...

ئادىتى بويىچە تەھەججۇت نامازلىرىنى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئۇزۇن قىرائەت ۋە ئۇزۇن قىيام بىلەن تۈگەتكەندىن بوۋاي قوللىرىنى دۇئاغا ئۇزاتتى:

ئى ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز، زېمىننى نوقسانسىز قوياشنى زەرەرسىز ياراتقان پەرۋەردىگارىم! قۇدرىتىڭ چەكسىز مەرھەمىتىڭ بۈيۈك ئادالىتىڭ يۈكسەك ئاللاھىم! بىزنى مالائىكىلەرھۆرمەت سەجدىسى قىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىڭنىڭ ئۈممىتى قىلغىنىڭغا يۈز مىڭلارچە شۈكرى ئېيتىمەن. ساڭا لايىق رەۋىشتە ئىبادەت قىلالمىدىم! مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن! مېنى ھاۋاسى گۈزەل، بايلىقى مول زېمىندا ياراتتىڭ، ئەمما سەن ئاتا قىلغان زېمىنغا ئىگە چىقالمىدىم، ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن! پەرۋەردىگارىم سەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، ساڭا ھېچ بىر نەرسە مەخپى ئەمەس، ئەۋلاتلىرىم ھايات بولسا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! زىندانلاردا قېيىنىلىپ، دەرگاھىڭغا سەپەر قىلغان بولسا كەچۈرگەيسەن! ئى قادىر ئاللاھ! ئاشۇ ھايۋان كەبى نىجىسلارنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى بىزنىڭ بېشىمىزدىن كۆتۈرىۋەتكىن! ئاللاھنىڭ ئۆيى ئاتالغان مەسچىتلەرنى چاققان، دىنىڭنى دەپسەندە قىلغان، ئىبلىسلارنىڭ ئەدەپ جازاسىنى بەرگىن! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن ھىجاپلانغان ئەپپەلىرىمىزنىڭ[1] نومۇسىنى قوغدىيالمىدۇق، بىزگە كەڭ مەرھەمىتىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن! قارانچۇقسىز قالغان نارىسىدە بوۋاقلىرىمىزغا ئۆزەڭ باش ـ پاناھ بولغىن! يارىتىلىشىدا ئىختىيار بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ ئوماق سەبىلەر ئۇ زېمىندا تۇغۇلۇشنى تاللىمىغان بولاتتى. سەن ئۇلارنى ئاشۇ زۇلۇم دەھشىتى قاپلىغان زېمىندا يارىتىشنى خالىدىڭ، ئۇلارغا ياشاش پۇرسىتى بەرگىن، ئۇلارنى خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتا ساقلىغاندەك ساقلىغىن! بىزمۇسۇلمانلارغا بىرلىشىپ، زالىم كاپىرغا قارشى تۇرالايدىغان ئەقىل ـ پاراسەت، بىرلىك ۋە شىجائەت ئاتا قىلغىن! خاس نۇسرىتىڭ بىلەن بىزگە ياردەم قىلغىن! بىزنى ئۆز ھالىمىزغا تاشلاپ قويمىغىن! كۈچۈمنىڭ ئاجىزلىقىدىن، تەدبىرىمنىڭ كەملىكىدىن، تەتۈر پىشانىلىكىمدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن! سەن مەزلۇملارنىڭ ئىگىسسەن، بىزنى دۈشمىنىڭ بولغان ئاشۇ نىجىسلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ قويمىغىن! سەن دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتسەن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولمىش بىزلەرنى، زېمىنىمىزنى ئازاد قىلىپ شەرىئىتىڭنى نافىز قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئورنەك قىلىپ تىكلەپ بەرگەن ئىلاھى ھاكىمىيىتىمىيەت قۇرۇپ ئەھلى ئىسلامغا نەمۇنە بولۇشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلغىن...!!! ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ دۇئا قىلىۋاتقان بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش كىيىملىرىنى نەمدىگەن ئىدى، يىغلاۋېرىپ ھالسىرىغان بوۋاينىڭ بىردىنلا ئۈنى ئۆچۈپ جىمىپ قالدى...

1- سۈننەتكە لايىق ھىجاپلانغان نا مەھرەمدىن ساقلانغان ئىپتىقاتلىك ئايال

www.uyghurkitap.com





# بىزدىكى ئىللەتلەر

نىزامىدىن ھۈسەيىن

## ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس

(ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى)

بىزدە تارىخىمىزنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇرغان قۇدرەتلىك خانلىقلىرى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللەنگەن شانلىق دەۋرى، ئۇلۇغ ئالىملىرىمىزنىڭ تارىختا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراسنامىمىز... توغرىسىدا ئېغىز-ئېغىزغا تەگمەي سۆزلەيدىغانلار بەك كۆپ. بۇ بىزدىكى ئاتالمىش «مىللىي غۇرۇر» چىلىق. ئەمما لېكىن بىزنىڭ قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئىللەتلىرىمىزنى ئەسلەيدىغان، سۆزلەيدىغانلار بەك ئاز. ھەتتا يوق دېيەرلىك. سەۋەپ-كىشىلىرىمىز «نومۇسچان» «قەدرى-قىممەت ئىگىسى بەك كۈچلۈك.

تۈنۈگۈن-بۈگۈننىڭ ئۆلچىمى ئەمەس، قۇرۇق كاللىنى غاجاۋەرسەڭ ئاچ قالغىنىڭ قالغان. مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا دادام ماڭا «بىز خەقنىڭ ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ» دەيتتى. كېيىن مەن ئوغلۇمغا «بىز خەقنىڭ ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ» دېدىم. ھازىر ئوغلۇممۇ ئوغلىغا «بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز سىلەرگە مەنسۇپ» دەۋاتىدۇ. ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك قايسى ئەۋلادقا يەتكەندە بىز خەقنىڭ ئىستىقبالى ياخشىلىنار؟

مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باھا بەرگەندە، تەلەپ قويغاندا، ئۆتمۈش دەستەكلىرىمىزنىڭ قىممىتى ئۇلۇغلىقى بىلەن ئەمەس، ھازىرقى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدە شالىلىنىپ تۇرۇش تەقدىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان مەۋجۇت - ھالىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم.

## بىزنىڭ روھى ھالىتىمىز زادى قانداق؟

مېنىڭچە، بىزنىڭ روھى ھالىتىمىز تازا ساغلام ئەمەس (قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن قالاقلىق - نادانلىقنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر) بۇ روھى ھالەت - شەخسلەرنىڭلا روھى ھالىتى ئەمەس، سىياسى روھى ھالەتمۇ ئەمەس، بەلكى شەخستىن سىرتقى، سىياسى ھاياتتىن ھالقىغان، پۈتۈن مىللەتنىڭ روھى ھالىتى. بۇنى بىز ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئېتىراپ قىلمىساق، چۈشەنمىسەك (قالاقلىق، جاھىللىق، چىرمىۋالغان روھى ھالىتىمىز توغرىسىدا ئېنىق ئېتىراپ قىلىش بولمىسا) بىزنىڭ زەبۇن-مەس چاغلىرىمىز

داۋاملىشىۋېرىپ، تارىخنىڭ ئەنئەنىسىگە قايتىشىمىز، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز، مىللىي ئىستىقبالىمىزنىڭ پارلاق بولۇشى ئەبەدى مۇمكىن بولمايدۇ. بىزدىكى بۇ خىل روھىي هالەتنىڭ بەزىبىر ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

## بىزدىكى پىتىشماسلىق

باشقىلار بىزنى « پىتىشمايدىغان خەق» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. ۋۇجۇدىمىزدا ئىتتىپاقلىق تىنىقى، ئۇيۇشۇش تىنىقى يوق، ئۆچ تۆتىمىز بار يەردە پىتىشماسلىقنىڭ بولغىنى بولغان. پىتىشماسلىق بولمىغان ئۇيغۇرلار تۇرالغۇلىرى - مەھەللىلىرى يوق دېيەرلىك.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يۈز بېرىدىغان ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئەلەر، ئەرز-شكايەتنامىلەر، دەۋا-دەستۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا پىتىشالماسلىققا باغلىنىدۇ. بۇ خىل قىسمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىققان ئەڭ قەبىھ هادىسىلەر، پاجىئەلەر،- مىللىي بارلىقىمىزنىڭ ئەڭ ئېغىر داغلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنى سۆزلەڭ دېسە، ئۇنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغانلار جىق. هەتتا يوغان - يوغان كىتاپ قىلىپ يېزىپ چىقالايدىغانلارمۇ بار. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن بۇ هالەتنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدۇق. سەۋەبى زادى نېمە؟ سەۋەبى: بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاز دېگەندە 365«مەزهەپ» بار. ئۇنىڭ بىر بۆلمى - بىزدىكى ئىچكى چىقىشالماسلىق، پارچىلىنىش، يەكلىشىش، ئۆزىنى سورىماسلىق، ئىتتىپاقسىزلىق...قا مەنبە بولۇپ تۇرىدىغان «لىق» «لىك» چىلىق.

«لىق» لىك» چىلەرنىڭ هەممىسى ئۆز «رەقىب»لىرى- «يات يۇرتلۇق»لارنى يەكلەيدۇ. ئۆي - ئۆيدە، مەهەللە- مەهەللىدە، يۇرت - يۇرتتا هەتتا پۈتۈن ئالەمدە بۇ «مەزهەپ»لەر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەهەللىۋازلىق، كەنتۋازلىق، ناهىيىۋازلىق، شەهەرۋازلىق، ئۇرۇق تۇققان- قەۋمىۋازلىق...لارئاشۇ خىل تەسىرلەرنىڭ شاخ -پۇتاقلىرى. بۇنداق شاخ - پۇتاقلار ئالدىدا بىزدىكى «مىللىي روھ»، «مىللەت»، «ۋەتەن»، «خەلق»، «بىرلىك»، «ئىستىقبال»، «تەرەققىيات»... دېگەنلەر ئاقمايدىغان قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن ئوقۇيدىغان مەكتەپتە يەكەن، قەغىلىق، گۇما، خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كورلا، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 200 گە يېقىن ئۇيغۇرئوقۇغۇچىلار بىللە ئوقۇيتتۇق. مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋەت ئېقىمى- ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغىچە هەممىمىز«خوتەنلىك»، «قەشقەرلىك»، غۇلجىلىقلار بويىچە سەپكە بۆلۈكلۈك ئىدۇق، ئۆز يۇرتلىقىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان، ئۆز يۇرتلىقىغا يان باسىدىغان بۇنداق بۆلۈنمە سەپلەرئۆز يۇرتلىقىنى ئۆز، باشقا يۇرتلۇقلارنى يات كۆرىدىغان، بىر بىرىگە زىت، مۇرەسسە قوبۇل قىلمايدىغان گېرى كەلسە بىر بىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدىغان، بىرى ئوت بىرى سۇ بولۇپ تۇرىدىغان «شەكىلسىز تەبئىي سەپ» لەر ئىدى. قەشقەرلىك بىلەن خوتەنلىك، غۇلجۇلۇق بىلەن ئاقسۇلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن چىقىپ تۇرىدىغان جەڭگە- جىدەللىرى ئۈزۈلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com



ئەپسۇس مېنڭ گۆدەك ۋاقتمدىلا ئۆيۇمدە ئاتا ـ ئانامنڭ تلى بلەن ۋۇجۇدۇمغا كرگەن «لق ، لك»

تن ئبارەت بۇ ئاڭ مېنڭ كېينكى 60 نەچچە يللق ئۆمۈر مەنزلمدە مەن بلەن تەڭ ساقلنپ ( بەزدە كۈچييپ ، بەزدە پەسييپ يوقالماي) بالا ـ چاقا جەددى ـ پۇشتۇمغىچە تەسر كۆرستپ ، تۆگەش ئورننغا يېڭلنپ « شېرن زەهەر»لك كۆچدن قالماي كېلۋەردى .

مېنڭچە بۇنداق ئاڭ ئلكگە چۈشمگەن ئۇيغۇر پۇشتى بولمسا كېرەك، ئۆرۈمچدە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچلرننڭ مەكتەپتە يۇرتۋازلق قلشپ سەپ تارتشپ ئۇرۇشۇپ قالغانلقلرنى ، نەتجسى ياخشى بەزى ئوقۇغۇچلارننڭ ئۇرۇش سەۋەبدن، مەكتەپتن هەيدەلگەنلكنى ئاڭلاپ قايغۇراتتم، ئۆزگە پەقەتلا ئوخشمايدغان يات خەلقنى هېچكم يات كۆرمەيتى ، ئەمما ئۆزى بلەن دنداش، تلداش، قان ـ قېرنداشلرنى پەقەت باشقا يۇرتتن كەلگەنلكى ئۈچۈن يات كۆرۈشەتتى ، برنى «پوقاق» دېسە برنى «كاۋا» برنى «قانجۇق» دېسە، برنى «غالچا» ، برلرنى «ئوبدان» ، دېسە برلرنى «دولان» دېيشپ ، خوتەنلكنى قەشقەرلك، قەشقەرلكنى غۇلجۇلۇق ، غۇلجۇلقنى ئۆرۈمچلك بوزەك ئېتشپ ، قەلبدە ئۆچمەس ئاداۋەت ئۇرۇقلرنى بخلاندۇرۇپ، ئۆزنى يغلتپ، ئۆزگسنى كۈلدۈرۈشلرى، ئادەمگە قاتتق ئەلەم بولاتتى .

90 ـ يللاردا ئاللاهنڭ پەزلى كەرمى بلەن هەج سەپرگە ئاتلنپ، برنجى بكەت پاكستاندا كۆرگەنلرم مېنى تخمۇ تەئەججۇپكە سالدى .

قەشقەر رابات، خوتەن رابات... بر تلدا سۆزلشدغان بر خل كيينگەن مۇساپرلار باشقا ـ باشقا يەردە يەنلا شۇ «لق» ـ «لك» نڭ ئاسارتدن قۇتۇلالمغان .

مۇسۇلمانلارنڭ قبلگاهى جايلاشقان مەككە شەهرگە بېرپ كۆرگەن راباتلارنڭ سانننمۇ هېچكم بلمسە كېرەك، پاكستاندا ئككى ـ ئۈچكە بۆلۈنگەن راباتلاربۇ مۇقەددەس زېمندا ـ شەهەر، يۇرت، مەهەللە، هەتتاكى كوچلارننڭ نامى بلان ئاتالغان ئوننەچچە راباتلار... ۋاه دەرخا...! بۇ خەلقتكى بۆلۈنمچلكنى كمگە زارلناي!؟ بزدكى بۇ بۆلۈنمچلك ـ ئايرمچلق ـ يۇرتۋازلق، ئەزهەردەك ئالى بلم يۇرتدمۇ تەسرنى يوقتالمغان. ئەڭ ئېچننشلقى سەرسان ـ سەرگەردانلقتا مەهكۇم بولغان بۇ خەلقمزننڭ مۇهاجرەتتكى بۆلۈنمچلكى ـ ئتتپاقسزلقى ـ گورۇھ ـ يۇرتۋازلقى ئەقل ئېگسننڭ يۈركگە خەنجەر ئۇردۇ .

دېمەك بزنڭ هەر قانداق يتەكچمز، ئالم ـ ئۆلما، زيالى، سياسەتچى ، ۋە داڭدار جامائەت ئەربابلرمزدن تارتپ، تجارەتچى ، هۈنەرۋەن ـ كاسپ، پادچى ـ قاسساپلارغچە، هەتتاكى چەتئەللەردكى ئالى مەلۇماتلق دوكتور ـ پروپېسسورلرمزغا قەدەر بۇ خل «لق» «لك» نڭ ئسكەنجسدە ـ تەسردە ئۆتۋاتمز بۇ ئللەت سۇسايماستن ئەكسچە تېخمۇ كۈچيۋاتدۇ .

بزدكى ئۆز ئارا پتشماسلق ـ ئچكى ئتتپاقسزلقنڭ يەنە بر ئالاهدە شەكلى نادانلقنى مەنبە قلغان ئچى تارلق، قزغانچۇقلۇق،

ھەسەت - ئاداۋەتخورلۇقتىن ئىبارەت. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بىزدە بىز خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلار يەنىلا بىز خەق. يەنى ئۇيغۇرنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلار يەنىلا ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانمۇ يەنىلا ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنى پالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان، چېقىپ قويىدىغان، تۇتۇپ بېرىدىغان، ساتىدىغانلارلار يەنىلا ئۇيغۇرلار.

ئۆز ئارا پىتنىشالماسلىق - ئىچكى ئىناقسىزلىق بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ، ئىستىلىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس بەلكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جاھالەت تەپرىقىچىلىقنىڭ تەسىرىدىن شەكىللىنىپ قېنى، تارىخى، تەقدىرى، ئەنئەنىسى، تىلى، دىنى، مەقسىتى، تەلپىي بىر بوۋىلىرىمىز كەلگۈسى ئەۋلادلارغا جۈملىدىن بىزگە بىرلىكنى، ئىناقلىقنى، ئۇيۇشۇشنى ئەمەس، ئۇنىڭ تەتۈرىنى يەنى بىر- بىرىنى ئۇرۇشنى، بىر - بىرىنى يېقىتىشنى، بىر - بىرىگە ئورا كولاشنى مەرەز- مىراس ياكى زامانىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئاتىغاندا پاجىئەلىك سەلبىي مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ ئۆتۈشكەنىدى.

دېمەك، 18 - ئەسىردىكى تارىخىمىزدا بىر مەزگىل يۇرتىمىزغا دىنىي- سىياسى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن خوجا- ئىشانلار زامانىدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى خىسلەت، پەزىلەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىشقا، مىللىي روھسىزلىنىشقا يۈزلەنگەن، يەنى سوپى - ئىشانلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ رايى- قىلىقلىرىنى ئورنەك ھەم تىرىكچىلىك يولى قىلىپ يۇرت بىلەن يۇرت، مەھەللە بىلەن مەھەللە، ئۆي بىلەن ئۆي، ئادەم بىلەن ئادەم تەرىقەت مەزھەبلىرىگە بۆلۈنۈپ، جاھالەت بۆلگۈنچىلىكى، جاھالەت تەپرىقىچىلىكى ئىچىدە قولاشماي، پىپىشماي- بىرى ئوت، بىرى سۇ بولۇپ ئۆتۈشىدىغان بولۇپ كېتىشكەن.

نەتىجە - ئاقىۋەتتە بىز - 21 ئەسىرگە قەدەم قويۇپمۇ، ئىچكى جېدەل- ماجىرالىرىمىز بېسىقماي، بەزىدە تېخىمۇ ھەدەپ پېتىشمايۋاتىمىز. ئەرزىمەس ئىشقا ئۆچەكىشىپ قالساق، توخۇلىرىمىزنىڭ چىلىلاشقىنى، ئىتلىرىمىزنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ، بىر بىرىمىز بىلەن يوقلاشماي، سالام - سەھەت قىلىشماي، ھومىيىشىپ، ئۇ «ئەسكى»، بۇ «ئوغرى»، ئۇ «مايماق»، بۇ «قەلەندەر»...دېيىشىپ ئۆتكىنىمىز ئۆتكەن. «مەندىن ئۆتۈپتۇ» دەيدىغانلار يوق. «بولدى قىل»، «ئۇنداق قىلما»، «توغرا ئەمەس» دېگەندەك گەپلەر ئاقمايدۇ. دېمەككى بىز ئەيىپىمىزنى تونۇشقا ئادەتلەنمىدۇق، خىلمۇ خىل «سەۋەب»لەر بىلەن ئۇنى ياپتۇق، يوشۇردۇق. ئەيىپتىن ئەيىپ تۇغۇلۇۋېرىپ يۇرت - يۇرت، ئۆي - ئۆيدە «يوغان گەپ»، «قۇرۇق گەپ»، «يالغان گەپ»، «غەيۋەت گەپ»، «پىتنە - ئىغۋا گەپ»، «پو گەپ»لەر «ئۆز گەپ» بولۇۋېرىپ تۈگىمەي ئۆتۈۋەردى - دە، بالىدىن- بالىغا «ئاتا مىجەزى»، «ئانا قىلىقى» مىراسنامىسى بولۇپ داۋاملىشىۋەردى.

چىقىشىش - بىرلىشىش - بىر ياقىدىن باش چىقىرىش بولمىغان خەلقتە ئىستىقبال - ئامەت، راۋاجلىنىش، ھۆرلۈك نېمە قىلسۇن؟

خۇددى ياش شائىر ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن يازغاندەك:

سەن مېنى پاكار دەپ،
مەن سېنى پاكار دەپ،
بولۇپ كېتەرمىز قايسىمىز قاۋۇل؟
مەن ساڭا چىشىمنى بىلەپ،
سەن ماڭا دوزاخنى تىلەپ،
قايسىمىز كېتەرمىز جەننەتكە ئۇدۇل؟

## بىزدىكى ئالا كۆڭۈللۈك

بىز بىر مەھەللە، قولۇم - خوشنا، ھەتتاكى ئۇرۇق - تۇققان تۇرۇپمۇ بىر - بىرىمىزگە سىر بەرمەي ئۆتۈۋېرىمىز. مەن قوشنامنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ ئەگىتىپراق «چۈشلۈك غىزا يېدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ «يېدىم» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يېمىگەن، قورسىقى ئاچ. «يۈرسىلە ئۆيگە» دېمىسەڭ ئاغرىنىدۇ. يېقىن بۇرادىرىڭ سېنىڭ مەھەللىڭگە كېلىپ قالغاندا ئۆيۈڭگە باشلىساڭ، «ئالدىراش ئىشىم بار يەنە مۆرىتى كەلگەندە كىرەي...» دوپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. مەھەللىسىگە بارغاندا باشقىلارغا«ئۇ قەلەندەر مېنى ئۆيىگىمۇ باشلىيالمىدى» دەپ سېنى سۆكىدۇ.

دېمەك بىزنىڭ دىلىمىز بىلەن تىلىمىز بىردەك ئەمەس. ئۆز ئارا سىردىشالمايمىز - تۇغۇلغاندىن ئۆلگىچە بىر - بىرىمىزگە سىر بەرمەي ئۆتكىنىمىز ئۆتكەن. بۇ ھەرگىزمۇ «نۇمۇس» ئۇقۇمىدىكى سىر ئەمەس، «سىرىڭنى بەرمە» دېگەن ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ مەھسۇلى.

ئالا كۆڭۈل - ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەردە بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل خۇسۇسىيەت بار: بىرى ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتۇش، يەنە بىرى ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن تۇتۇش. ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلار «ئامىتى» كەلگەندە ئۆزىنى ئاسمانغا ئېسىپ، دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقانلار بولسا «ئامىتى» قاچقاندا بۇ دۇنيادا بىر بار بىر يوق بولۇپ چۈشكۈنلىشىپ قۇل مىجەز، ئىرادىسىز، «نانقېپى» بولۇۋالىدۇ. ھېلىقى ئامىتى كەلگىنى بارا - بارا تېرىسىغا سىغماي ئۆز قەۋم، جامائىتىدىن يۈز ئۆرۈپ يەنىمۇ ئۆرلەش ئۈچۈن ھەر قانداق ئۇسۇل چارىلارنى قىلىشتىن يالتايمايدۇ. يۇقىرىغا قۇللۇق، تۆۋەنگە شۇملۇق قىلىدۇ. ئۆرلىگەنگە ئۆلۈپ بېرىدۇ. ئۆرۈلگەننى يەنجىپ تۇرىدۇ، ياماندىن قورقىدۇ، يوۋاشنى بوزدەك ئېتىدۇ. ئادەم ياراتمايدۇ، كوچىلاردا كىشىلەردىن سالام، تونۇش چىرايلاردىن ھۆرمەت تەمە قىلىدۇ. سورۇنلاردىن «ئۆزىنى تونۇشتۇرغۇچى - ماختىغۇچى» ئىزدەيدۇ، سالاپەتلىك - بىلىملىك كۆرۈنۈش قىلىپ تۆر تالاشقۇسى كېلىدۇ، سۆزلىگەندە ياسالمىلىق قىلىپ، ئارىلاپ ئارىلاپ پو ئېتىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. ئېشىپ كەتكەنلەرنى يامان كۆرۈپ سۆكىدۇ. چىدىيالماي قاغايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئالا كۆڭۈل (ئىككى يۈزلىمچى) كىشىلەردىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەت: كىشىلەرنىڭ سايىسىدا جاھاندارچىلىق قىلىش. بۇنداق كىشىلەردە ھەق - ناھەقنى ئايرىش، راس - يالغاننى پەرق ئېتىش، ئىنسانى غايە، ئىنسانى خىسلەت، نومۇس، غۇرۇر ئىستەكلەر بولمايدۇ. ماختاش، خوشامەتكويلۇق، كۆتۈرمەكەشلىك، بىچارىچىلىق ئۇلارنىڭ «ماھارىتى» خورلۇقتا تىرىكچىلىك قىلىشتىن سەسكەنمەيدۇ - ھار ئالمايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)








## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەقپى
### (ساپا كۆي تەمسىلچىسى)

ئىسلامى دەرسلەر بۆلۈمى بەش يىللىق پۈتۈن كۈنلۈك ۋە يېرىم كۈنلۈك ،ئوقۇتۇش پىروگراممىسى تۈزگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قاراپ سائەتلىك دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.قۇرئان كۇرسىمىزدا پۈتۈن كۈن، ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ھەر ياشتىكى ئۆسمۈرلەرگە قۇرئان ئۆگۈتۈش خىزمىتى بېرىلمەكتە . ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپلىرى بىلەن قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپلىرى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئەر ئۇستاز- ئوقۇتقۇچىلار، قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئايال ئۇستاز- ئوقۇتقۇچىلاردەرس ئۆتۈدۇ.يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە قائىدە نۇرانىيە دەرسلىكى ئاساس قىلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى راۋان ھەم توغرا ئوقۇشنى ئۆگۈنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىمىز . ھاپىزلىقتا قارى يېتىشتۈرۈش، قۇرئان كەرىمنى گۈزەل ئوقۇتۇش، ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان قىرائەت ئىلمى ئىجازىتى ئېلىش، تۈرلىرى بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ بارىدۇ .بۇ تۈرلەردە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس بېرىدۇ.

Merkez : Nuripasa mahallesi,63.sokak, No: 51/B, Zeytinburnu, İstanbul
Kuran Kursu : Nuripasa mahallesi,63.sokak, No: 51, Zeytinburnu, İstanbul
Yurt : Nuripasa mahallesi,63.sokak, No: 3, Zeytinburnu, İstanbul
İstikbal Kursu : Yeşiltepe Mahallesi, 1/52.sokak, No: 10, Zeytinburnu, İstanbul
Yusuf Has Hacip vakfı : Sultan Murat Mah , güney sok No.13 Küçükçekmece, İstanbul

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەزسەم خوتەننى، قەشقەردە ئاھىم،
ياش تۆكتى ئاقسۇ، مىڭ ئەردە ئاھىم.
ئىزدەپ تىنچلىق بارسام ئىلىغا،
قانىتى بوغۇق كەپتەردە ئاھىم.
ئاتۇشقا چىقسام تاشلار يېرىلدى،
جاندا بىلەنگەن شەمشەردە ئاھىم.
تۇرپاندا قەبرە، بولدۇم ھازىدار،
شائىرنى چاپقان خۇمپەردە ئاھىم.
كەزدىم ۋەتەننى ئون بەش چۆرگىلەپ،
ئون بەش تامچە قان مەھشەردە ئاھىم.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد